# شنجاڭ خلق قۇرۇلتيي

# 1998 · 10

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

چېگرا شەھەر — ئۈرۈمچى





## تيەن جىيۈن، ۋاڭ گۋاڭيىڭلار شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

9 - ئاينىڭ باشلىرىدا مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تيەن جىيۈن، ۋاڭ گۋاڭيىڭلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرىمىزنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە بۇندىن كېيىن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

(لۇۋاڭخاۋ خەۋىرى ۋە فوتوسى)

↑9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تيەن جىيۈن مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىن زالىنى كۆزدىن كەچۈردى.



## سۈرەتلىك خەۋەرلەر

→9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋاڭ گۋاڭيىڭ مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ ھەمراھلىقىدا 98' ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنى كۆردى.




ژۇرنال تارقىتىشتا ئىلغار كوللېكتىپ بولغان بورتالا ئوبلاستى، پىچان، بۈگۈر، باي، يەكەن ناھىيىلىرى، تۇرپان، ئاقسۇ شەھەرلىرى مەسئۇللىرى مۇكاپات تاپشۇرۇۋالماقتا.



ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى مەھەممەت ئىسمايىل يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

## «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش خىزمىتى يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



ناھىيىلىك، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى گۇرۇپپا يىغىنىدا پىكىر قىلماقتا.



گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدىن كۆرۈنۈش

(ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى)

# يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتەيلى

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا 1995 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1996 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە سايلانغان يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋىتى توشۇپ، 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بۇ قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە 846 يېزا، بازاردا نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، 10 مىليوندىن ئارتۇق سايلىغۇچى سايلامغا قاتنىشىدۇ، 50 مىڭغا يېقىن يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ھەمدە ئەسىر ھالقىيدىغان يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى سايلاپ چىقىلىدۇ، شۇڭا سايلامنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر بولۇپ، ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى زور ئىش، ئۇنىڭدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى روھى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندىكى مۇھىم سۆزىنى يېتەكچى، قانۇن، نىزاملارنى ئاساس قىلىپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ، سايلىغۇچىلار بىلەن ۋەكىللەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم.

ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئۈچ ھالقىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك. بىرىنچى، ۋەكىللەرنى ياخشى سايلاش لازىم. ۋەكىللەرنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئىقتىدارىنى نۇقتىلىق تەكىتلەش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلغان، ۋەتەن بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان، مىللەت بۆلگۈنچىلىرى ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتكە قارشى تۇرغان، ئامما بىلەن زىچ ئالاقىلەشكەن، ئىشنى ئادىل بېجىرگەن، ئامما ئارىسىدا ئىناۋىتى بولغان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئىپادىسى ياخشى بولغانلارنى ۋەكىللىككە سايلاش؛ ئىككىنچى، رەھبەر نامزاتلىرىنى تەكشۈرۈپ سىناش، كۆرسىتىشنى ئوبدان ئىشلەش، ئالاقىدار نامزاتلارنى بۇ يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇش؛ ئۈچىنچى، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى ۋە يېزا - بازارنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى قانۇن بويىچە ياخشى سايلاش كېرەك. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئېڭى كۈچلۈك، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، پائال خەلق ئۈچۈن ئىش قىلىدىغان، ئىناۋىتى ئۈستۈن، سالامەتلىكى ياخشى كىشىلەرنى كۆرسىتىش كېرەك.

دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنى دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. سايلىغۇچىلار ھەم ۋەكىللەردىن ئوندىن ئارتۇق كىشىنىڭ بىرلىشىپ نامزات كۆرسىتىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ رەسمىي نامزاتلارنى ئاددىي ئۇسۇلدا يېڭىشلىك بىلەن بېكىتىۋېتىشىدەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم. ئارتۇق نامزاتلىق سايلامدا چىڭ تۇرۇش، خەلق رايىغا، سايلام نەتىجىسىگە ھۆرمەت قىلىش؛ «ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سايلىغۇچىلىرى ئۆز مىللىتىدىن ئارتۇق نامزات كۆرسىتىپ سايلاش» ھەققىدىكى بەلگىلىمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، شۇ جايدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەت، بولۇپمۇ نوپۇسى ئاز مىللەتنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ساندا ۋەكىلى بولۇشىغا، شۇ جايدىكى بىر نەچچە ئاساسلىق مىللەتنىڭ رەھبىرىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مۇۋاپىق ساندىكى ئادىمى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، بولۇپمۇ ناھىيىلىك، يېزىلىق پارتكوملار رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، سايلام خىزمىتىنى بىر مەزگىللىك ئاساسىي ۋەزىپە قىلىپ تۇتۇپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى؛ ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى سايلام خىزمىتىدىكى چوڭ - مەسىلىلەرنى پارتكومغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، يوليورۇق سوراپ، مۇھاكىمە قىلىپ تۇرۇشى، سايلامدا ئوتتۇرىغا چىققان قانۇنغا ۋە پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ قىلمىشلارنى ئالاقىدار ئورگانلار قانۇن، پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە جىددىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى؛ يامان ئادەملەر، بولۇپمۇ مىللەت بۆلگۈنچىلىرى ۋە ئەسەبىي دىنىي كۈچلەرنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن قەتئىي ھوشيار بولۇش، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قاتلام دۆلەت ئورگانلىرىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشىغا تېخىمۇ يول قويماسلىق كېرەك. يېزا، بازاردا تەسىس قىلىنغان سايلام كومىتېتلىرى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىدا سايلام ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر سايلام خىزمىتىنى ئادەم، مالىيە كۈچى، قاتناش قورالى جەھەتتىن قوللىشى؛ تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئوبدان ئىشلەپ، جامائەت پىكرى يۆنىلىشىنى ياخشى يېتەكلىشى؛ سايلام خىراجىتىنى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىنىڭ ئوڭۇشلۇق، ساغلام ئۆتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

(ئايلىق ژۇرنال)

新疆人大　　　(月刊)　　　维吾尔文

1998 - يىل 10 - سان　18 - يىل نەشرى　(ئومۇمىي 187 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى تەھرىراتى نەشر قىلدى

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش مۇھەررىر: سەمەت دۆگايلى　مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: سىراجىدىن ئىسمايىل

مۇھەررىرلەر: تاھىر ماموت، نۇرگۈل كېرىم

**ئوبزور** يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتەيلى ...... ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (1)

**رەھبەرلەرنىڭ سۆزى** ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ياخشى چىقىرايلى ...... مەھەممەت ئىسمايىل (4)

**مۇھىم ھۆججەت** 1999 - يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ...... (10)

**قارار** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ 1998 - يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى ...... (12)

**شەرەپ تاختىسى** شەرەپ تاختىسى ...... (13)

**مەخسۇس خەۋەر** «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى تەھرىراتى 1998 - يىللىق تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتى يىغىنى چاقىردى ...... (14)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيلى .......................................... (15)

**يەرلىك نىزام**
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش نىزامى.......................................... (23)

**بىلىم كۆزنىكى**
يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئۇقۇشلۇق .......................................... (32)

**ئۆگىنىش**
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى بىر ياخشى مەكتەپ .......................................... ئىدرىس قادىر (39)

**مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر**
دېھقانلارنىڭ سېلىقىنىڭ ئېغىر بولۇش مەسىلىسىنى قانۇن بويىچە مەركەزلىك تۈزەشتە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆز رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك .......................................... سىراجىدىن ئىسمايىل (41)

**خىزمەت تەتقىقاتى**
يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ «ئىككى مەھكىمە» نىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا .......................................... نەبىجان ئابدۇرۇپ (45)

**قانۇندىن سوئال - جاۋاب**
«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي جازا قانۇنى» دىن سوئال - جاۋاب .......................................... توختىروزى مەتنۇرى (49)

**خەۋەرلەر**
يەكەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش - تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى .......................................... ئابدۇرېشىت ئوسمان، زىياۋۇدىن ھىسامىدىن (53)
يەكەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەربىيىلىدى .......................................... ئابدۇرېشىت ئوسمان، نۇرمەمەت قۇربان (53)
پىچان بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستى سۇ باھاسىنىڭ يۇقىرى بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى .......................................... (53)
دىغار يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى كەنتلەرنىڭ مالىيىسىنى تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سالدى .......................................... (54)
دىغار يېزىسىدىكى خەلق ۋەكىللىرى نامراتلارنى يۆلەپ، مائارىپنى قوللىدى .......................................... ئۆمەر نىياز (54)

**تەجرىبە ئالماشتۇرۇش**
يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىشلەشتىكى ئاساسىي تەجرىبىمىز .......................................... تۇرسۇننىياز روزى (55)

ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 — 1166/D
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 34 - 58 پوچتا نومۇرى: 830002
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 10- قورۇ تېلېفون: 2822065 تارقىلىش 63108، 63109
مۇقاۋىسى شىنجاڭ تاشقى سودا ئۇراش - قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى
تېكىستى شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللار سانائىتى شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

# ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ياخشى چىقىرايلى

※ مەھەممەت ئىسمايىل ※



«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتلىرى، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ تەشۋىقات يۆنىلىشى توغرا، سەھىپىسى يېڭى، ئۆز ماقالىلىرى كۆپ بولدى - دە، كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى؛ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ تىراژى مۇقىم ئېشىپ 20 مىڭغا يەتتى، خەلق قۇرۇلتىيى ساھەسىدىن باشقا ساھەلەر ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كىتابخانلار ئۆز خىراجىتى بىلەن مۇشتەرى بولۇشتەك خۇشاللىنارلىق ئەھۋال بارلىققا كەلدى.

## 1. ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ژۇرنالنىڭ رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش كېرەك

ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ھەر قانداق خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى. پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش تۈپ فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 15 - قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش لازىملىقى ئىنتايىن ئېنىق ۋە كونكرېت سۆزلەندى، دېموكراتىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەت تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىملىقى تەكىتلەندى؛ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، 2010 - يىلغىچە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش لازىملىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش، ئەدلىيە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، قانۇن ئىجرا قىلىش قوشۇنى ۋە ئەدلىيە قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى

چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش لازىملىقى تەكىتلەندى؛ دېموكراتىك نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، نازارەتچىلىك قانۇن - تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە باشقىلار. بۇلار دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تۈپ فاڭجېنىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەرەققىيات نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى، شۇنداقلا دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تۈپ ۋەزىپە قىلغان ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغىمۇ تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى ۋە تېخىمۇ مۇشكۈل ۋەزىپە يۈكلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى 15 - قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشان ۋە ۋەزىپە بويىچە تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش لازىملىقى تەكىتلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەشكىللەنگەندىن بۇيان، مۇدىر ھامىدىن نىياز بىر نەچچە قېتىملىق مۇھىم سۆزىدە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم ئورنى، رولى ۋە مەسئۇلىيىتىنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى ۋە بايان قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش، نېگىزىدىن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىغا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇۋاتقان ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشتە زور مەسئۇلىيەت ۋە ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن چىقىرىش، نازارەتچىلىك ۋە باشقا خىزمەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇپ، كونكرېت پىلان تۈزدى. قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە ئىلگىرى ساقلانغان مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، قانۇن چىقىرىش تەدبىرى بىلەن ئىسلاھات تەدبىرى، تەرەققىيات تەدبىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، جىددىي زۆرۈر بولغانلىرىنى ئاۋۋال چىقىرىپ، قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىملىقىنى؛ قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نىزاملارنىڭ قاراتمىلىقى ۋە قوللىنىشچانلىقىنى كۈچەيتىش لازىملىقىنى؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئومۇمىيىتىنى ئاساس قىلىپ، تارماقلارنىڭ ھوقۇقىنى نامۇۋاپىق كۈچەيتىشكە قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەلەپلەر يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇندىن كېيىنكى قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە بۇنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق خىزمىتىنى تىرىشىپ مۇكەممەل قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇن لايىھىسىگە پىكىر بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى تېزلىتىشىگە ماسلىشىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇن نازارەتچىلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشى، ھازىر ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئۈچ جەھەتتىكى نازارەتچىلىكنى ئېتىبار بىلەن ياخشى تۇتۇشى كېرەك. بىرىنچىدىن، قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، قانۇنغا ئاساسلانماسلىق، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، سۆزنى قانۇن ئورنىغا دەسسىتىش، ھوقۇقى ئارقىلىق قانۇننى بېسىش ھادىسىلىرىنى قەتئىي تۈزىتىپ، قانۇن، نىزاملارنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇن ئىجراسى توغرىسىدا خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاش، مەخسۇس تېمىدا كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە ئەدلىيە خىزمىتىنى باھالاش قاتارلىق ئۈنۈملۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى

مەھكىمىنىڭ قانۇن ئىجراسى ۋە ئەدلىيە خىزمىتىنى ياخشى-
لاپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە، ئەد-
لىيە خىزمىتىنى ئادىل ئىشلىشكە نازارەتچىلىك قىلىشى
كېرەك. ئۈچىنچىدىن، دۆلەت ئورگىنى خىزمەتچىلىرى
ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرى-
جىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تەڭ دەرى-
جىلىك مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ
تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى ۋە
پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»
ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى
قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى
مۇھىم تەشۋىقات قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېڭى تە-
لەپكە ئويغۇنلىشىپ، تەشۋىقاتنى ياخشى قىلىپ، جامائەت
پىكرى جەھەتتىكى يېتەكچىلىك رولىنى قانداق جارى قىلدۇ-
رۇشى كېرەك؟ بۇ — نۆۋەتتە ۋە بۇندىن كېيىن ئەستايى-
دىل مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسى-
لە.

## 2. ژۇرنالنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي سەۋىيىسى-نى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونـ
لۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن چىقى-
رىلىدىغان، مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ژۇر-
نال بولۇپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش
سۈرئىتىنى تېزلىتىشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان رول ئوي-
نايدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتى بىلەن ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمەت كومىتېتلىرى، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيە-
لىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم كۆۋرۈك.
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن جايلاردىكى خەلق
قۇرۇلتايلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچۇر، ئەھۋال ئالماشتۇ-
رۇش خېلى زور دەرىجىدە ژۇرنال ئارقىلىق بولىدۇ. تې-
گىشلىك ساپا ۋە سەۋىيە بولمىسا، ژۇرنالنىڭ مۇشۇنداق
ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى، مۇشۇنداق رول ئويىنىشى قى-
يىنغا چۈشىدۇ. ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش
مەسىلىسىنى مۇشۇنداق يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇپ، تە-
خىرسىزلىك ۋە بۇرچ تۇيغۇمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى بۇ بىر نەچچە يىلدا
توغرا باشقۇرۇلۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى، دېموكرا-
تىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى ۋە
ئەمەلىي مەسىلىلەر سۆزلەنگەن، سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقى-
رى، رېئال قاراتمىلىقى بار بەزى ماقالىلەر ئېلان قىلى-
نىپ، ئۈنۈمى ياخشى بولدى. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق
9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئۆتكۈزۈل-
گەندىن كېيىن، ژۇرنالدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ
شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننىڭ يىغىندا قىلغان مۇھىم سۆزى،
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
مۇدىرى ھامىدىن نىيازنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆز قۇ-
رۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخ-
شى ئىشلەش توغرىسىدىكى قارارى ۋاقتىدا ئېلان قىلىندى
ھەمدە «كۈچلۈك تەدبىرلەر بىلەن تۈزۈلگەن پىلان» دېگەن
تېمىدا ئوبزور بېرىلدى ۋە «ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە
ئىدارە قىلىشتا، ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق» ، «تارىخنىڭ
تاپشۇرۇقى، خەلقنىڭ ئارزۇسى» دېگەن مەخسۇس تېمىلاردا
خەۋەر بېرىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە
ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ھەققىدىكى مۇھىم ئۇچۇرلار ۋاق-
تىدا ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، جايلاردىكى يولداشلار ئاپتونوم
رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ
يىغىنلىرىنىڭ روھىدىن تېز خەۋەردار بولدى. يېقىنقى ئىك-
كى يىلدىن بۇيان، ژۇرنىلىمىز بىر مۇنچە سالماقلىق ماقا-
لىلەرنى ئېلان قىلىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش
فاڭجېنىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى
سىستېمىسىدا ۋە جەمئىيەتتە مەلۇم تەسىر پەيدا قىلدى.
بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيغۇرچىسىدا ئېلان قىلىنغان «15 ـ قۇ-
رۇلتاينىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، نۆۋەت ئالماش-
تۇرۇش سايلىمى خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەيلى» ، «قانۇن
ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر» ۋە «دېھ-
قان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشتە بىر قانچە
مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك» دېگەن
تېمىدىكى مۇھاكىمە ماقالىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ
نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش بويى-
چە ياخشى خەۋەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ۋەكىللەرنىڭ
ئەدلىيە خىزمىتىنى باھالىشى، خىزمەت ئۆتەش دوكلاتىنى
باھالىشى، قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئىل-
گىرى سۈرۈشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەشۋىقاتىنىڭمۇ ئۈنۈ-
مى خېلى ياخشى بولدى، بۇلار جايلاردىكى يولداشلارنىڭ
ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. دەرۋەقە، ژۇرنالنىڭ سۈپىتى
جەھەتتە ياخشىلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن تەرەپلەر بار. بىز
تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى
ئۆستۈرۈش مەسىلىسىنى ئۇنىڭ ئورنى، رولى، سىياسىي
تۈسى، ۋاقىتچانلىقى، قىزىقارلىقلىقى جەھەتلەردىن ئويلى-

شىشىمىز لازىم.

ژۇرنالنىڭ سىياسىي تۈسىنى ساقلاش كېرەك. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى جەمئىيەتتىكى باشقا ژۇرناللارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئائىت روھىنى ئەتراپلىق، ۋاقتىدا يەتكۈزىدۇ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىدۇ. شۇڭا، ژۇرنالنىڭ سىياسىي تۈسىنى ساقلاش ئىنتايىن مۇھىم، بۇنى ھەر قاچان مەھكەم ئىگىلىشىمىز كېرەك. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى نەزەرىيە تەشۋىقاتى بىلەن خىزمەت تەشۋىقاتىنى بىر گەۋدە قىلغان ژۇرنال بولۇپ، نەزەرىيىۋىلىك بىلەن ئەمەلىيەتچانلىقنى بىرلەشتۈرۈش ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن كېيىن، ژۇرنالغا «15 - قۇرۇلتاينىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مۇقەددەس بۇرچىمىزنى ئادا قىلايلى» ، «ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتايلى» ، «15- قۇرۇلتاينىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئىدىيىسىگە بولغان يېڭى تۆھپىسى» دېگەن تېمىدا ئۈچ پارچە ئوبزور يېزىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن بىر قاتار نەزەرىيىۋى ماقالىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى چوڭ - چوڭ نەزەرىيىۋى مەسىلىلەردە، مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى خادىملىرىنى ماقالە يېزىشقا پىلانلىق ئۇيۇشتۇرۇپ، نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى تەشۋىق قىلىش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنى يەنىمۇ جانلىق ۋە تەسىرلىك ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ يىل پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغىنىغا 20 يىل بولدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ يىغىننى خاتىرىلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. 20 يىلدىن بۇيان، دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردۇق ۋە راۋاجلاندۇردۇق، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا 20 يىلدىن بۇيان بولغان زور ئۆزگىرىشلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىكى دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئىدىيىسىنى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى پىلانلىق، سىستېمىلىق تەشۋىق قىلىشى كېرەك. يېقىندىلا، باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە رايون، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، بۇ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىيات نىشانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.» ئۇ يەنە مۇنداق دېدى. «شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى كۆپ تەرەپلىمە ئامال قىلىپ تېزلىتىپ، شىنجاڭنى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ، بولۇپمۇ كېيىنكى ئەسىردە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مۇھىم تايانچ نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.» باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بولدى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئۈچۈنمۇ يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەردى. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشى، تەشۋىقات ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقنى قوغدىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى ۋەزىيەتتە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئىش ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىلىرىنى ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىپ ۋە ئالماشتۇرۇپ، جايلاردىكى يولداشلارنى پايدىلىق پىكىر - ئىلھام ۋە ئۇسۇل - تەجرىبىگە ئىگە قىلىشى كېرەك.

ژۇرنالنىڭ ۋاقىتچانلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى گېزىتكە ئوخشاش كۈندە چىقىپ تۇرمىسىمۇ، ئۈچۈرلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرۇش جەھەتتە مەلۇم شارائىتقىمۇ ئىگە. شۇڭا بۇ جەھەتتە يەنىمۇ تەدبىر قوللىنىپ، تەشۋىقاتنىڭ ۋاقىتچانلىقىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ مۇھىم سۆزلىرى ۋە پائالىيەتلىرىنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇ-

رولتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش، نازارەتچىلىك ۋە باشقا جەھەتلەردىكى يېڭى پىكىر يولى، يېڭى تەدبىرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ۋاقتىدا خەۋەر قىلىش كېرەك. بۇ جەھەتتە ژۇرنالنىڭ گېزىتكە قارىغاندا سىغىمچانلىقى زور بولۇش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق يېڭى پىكىر يولى، يېڭى تەدبىر قوللىنىلىدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرھلەپ، بەزى مۇجمەل چۈشەنچىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگىلى بولىدۇ. يېقىندا «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش جەريانى ھەققىدە ئۇدا خەۋەر بېرىلىپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ژۇرنال يەنە ئوبزور، خەلق قۇرۇلتىيى مۇنبىرى، قىسقا ئوبزور، بۈگۈنكى ئىشلار دېگەندەك مۇھاكىمە ستونلىرىنى تۇتۇشى كېرەك. مۇھاكىمە گېزىت بىلەن ژۇرنالنىڭ بايرىقى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەر بىر مەزگىلدىكى مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ژۇرنال ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى؛ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە يېقىنلىشىپ، ئالاقىدار ئەھۋال ۋە ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇشى؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى مەلۇم مەزگىلدە كۆڭۈل بۆلىۋاتقان نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى، خىزمەتلەردە يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، قاراتمىلىقى بولغان ماقالىلەرنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، جايلاردىكى يولداشلارغا ئىلھام بېرىشى كېرەك.

ژۇرنالنىڭ قىزىقارلىقلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىزىقارلىقلىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، تېمىنى توغرا تاللاش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى چۆرىدىگەن ھالدا، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئامما كۆڭۈل بۆلىۋاتقان مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، ماقالىنى ۋاقتىدا ئۇيۇشتۇرۇپ، بەلگىلىك تەشۋىقات داغدۇغىسى پەيدا قىلىش كېرەك. بۇ يىلقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى مەزگىلىدە، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ «مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن سۆزىنى باستى، «نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىشتەك ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ئۇل سالايلى» دېگەن ئوبزورنى ئېلان قىلدى ۋە «ئون ئالتە رەت ئېچىلىپ گۈل، مېۋە بەردى شۇنچە مول» دېگەن تېمىدا مەخسۇس خەۋەر بېرىپ، ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى. ئىككىنچىدىن، تېما يېڭى بولۇشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە دائىر يېڭى تېمىلارنى تېپىپ چىقىپ، نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىپ، ئاپتورلارنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئۇسلۇب ھەر خىل بولۇشى كېرەك. ھەر خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن تەشۋىق قىلىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئۇچۇر كۆپ بولۇشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتايلىرى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر چوڭ سىستېما، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ھەر قايسى تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇچۇرنىڭ كۆپ بولۇشى بىزنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ بىر ئەۋزەللىكى بولۇپ قېلىشى كېرەك. بىز چوقۇم بۇ ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى تىرىشىپ قېزىپ، ئاساسىي قاتلام خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ پائالىيىتىنى، نەتىجىلىرىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى كۆپرەك ئەكس ئەتتۈرۈپ، ژۇرنالنى تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ مەزمۇنلۇق چىقىرىشىمىز كېرەك. ژۇرنالنىڭ ستونى ھازىر 30 دىن ئاشىدۇ، بىراق بۇ تېخى يېتەرسىز، ئېھتىياجغا قاراپ، يەنە ستون قوشۇش كېرەك.

جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىغا تايىنىش ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم بىر تەرەپ. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ باغچىسى، ژۇرنالنى كۆپچىلىك ئورتاق باشقۇرۇشى، سۈپەتنى بىرلىكتە تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. بىر تەرەپتىن، تەھرىر بۆلۈمى جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كېڭەيتىشى، ماقالە مەنبەسىنى كۆپەيتىشى، ئەھۋال ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىشى، تىپىك تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جايلاردىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە يولداشلارنىڭ ژۇرنالغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان ژۇرنال خىزمىتى يىغىنىدا يولداشلار چارە ئىزدەپ، ئەقىل كۆرسىتىپلا قالماي، باشقا ۋاقىتلاردىمۇ پىكىر، تەكلىپ بېرىپ، خىزمىتىمىزگە تۈرتكە بولسا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يولداشلارنىڭ ژۇرنالغا ياخشى ماقالىلەرنى كۆرسىتىشىنى، بولۇپمۇ ئەمەلىيەت جەريانىدا ياراتقان ياخشى ئۇسۇل، ياخشى تەجرىبىلىرىنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ، ژۇرنالغا

ئەۋەتىپ بېرىشىنى، شۇنداقلا خىزمەتتە يولۇققان مەسىلەلەرنىمۇ ئەستايىدىل يەكۈنلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇشۇنداق قىلغاندا، كۆپچىلىك بۇلارنى ئەينەك قىلىدۇ. قىسقىسى، كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشىپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ياخشى باشقۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

### 3. جايلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، تارقىتىش مىقدارىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇش كېرەك

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يېڭى ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەشۋىق قىلىشتا تېخىمۇ زور رول ئوينايدىغان قىلىش ئۈچۈن، تەسىرىنى كېڭەيتىش، قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەھەتتە يېڭى ئىلگىرىلەش ۋە بۆسۈش ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە مۇلازىمەت قىلىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ژۇرنال تارقىتىش خىزمىتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە دائىر مەخسۇس ژۇرنال، شۇڭا، تارقىتىش خىزمىتىنى مۇھىم بىر سىياسىي خىزمەت قاتارىدا تۇتۇش كېرەك. تارقىتىش مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىگە جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرى بىر نەپەر ئاساسلىق مەسئۇل يولداشنى بۇ خىزمەتنى تۇتۇشقا بەلگىلىشى ھەمدە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولۇشى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ ژۇرنال تارقاتقۇچىسى، ژۇرنالنىڭ تارقىتىلىش مىقدارىنىڭ ئازايماي كۆپىيىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن تەدبىر كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ژۇرنالنى ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز يىغىندىن كېيىن ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەر بىر ۋەكىلى بىر نۇسخىدىن، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ھەر بىر ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى ئۈچۈن بىر نۇسخىدىن ئىككى نۇسخىغىچە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا يېزىلىشىنى، خىراجەتنى ۋەكىللەر خىراجىتىدىن چىقىم قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىدىن ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئورۇنلاردىن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا يېزىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى نامىدا ھۆججەت تارقاتماقچىمىز. بۇنىڭدىن سىرت، جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدىن تارقىتىش كۆرسەتكۈچىدىن بىر ھەسسە ئاشۇرۇۋەتكەنلەرگە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر نۇسخىسىدىن 0.28 يۈەن قايتۇرىمىز، يىل ئاخىرىدا يەنە ماددىي جەھەتتە كۆپ مۇكاپاتلايمىز. جايلاردىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلارنىڭ بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىشىنى ۋە ئۇنى قوللىشىنى، شۇنداقلا جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرى، ئاۋارىچىلىقتىن قورقمايدىغان، جاپا چېكىشنى خالايدىغان يولداشنى بۇ خىزمەتنى كونكرېت تۇتۇشقا بەلگىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق قىلساق، ژۇرنالنى تارقىتىش مىقدارىنى چوقۇم يەنىمۇ ئاشۇرالايمىز. بۇ بىر نەچچە يىلدا، جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى ژۇرنالنى تارقىتىش خىزمىتىگە زور ئەجىر سىڭدۈردى، شۇنىڭ بىلەن ژۇرنالنىڭ تىراژى يىلمۇيىل ئاشتى. بەزى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدىكى رەھبەرلەر ۋە يولداشلار يىغىن ئېچىش، ئۇقتۇرۇش تارقىتىش ئارقىلىق خىزمەت ئىشلەپلا قالماي، يەنە ئۆزلىرى تۆۋەنگە چۈشۈپ، تېلېفون بىلەن سۈرۈشتۈرۈپ، ژۇرنالنىڭ تىراژىنى كۆپەيتتى. بۇ يەردە مەن جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن. كۆپچىلىكنىڭ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، مۇدىر ھامىدىن نىياز ئوتتۇرىغا قويغان پۈتۈن شىنجاڭدىكى 60 نەچچە مىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھەر بىرىدە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىدىن بىردىن بولۇش نىشانىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تارقىتىش خىزمىتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

# ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۈختىنگى
# ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈختىنگى ھۆججىتى

## 1999 ـ يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈختىنگى، ھەر قايسى ئاپتونوم ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) خ ق دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىلىرى، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك خ ق خىزمىتى كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىلىرىغا:

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) ئايلىق ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلىدىغان، مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان قانۇنچىلىق ژۇرنىلى. ئۇ ئاساسلىقى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى تەشۋىق قىلىدۇ. بۇ ژۇرنالغا يەرلىك نىزام، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار، بېكىتمىلىرى ۋە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش قارارى بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى مۇساپىسى ھەمدە «ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە» نىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ ژۇرنال ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ، سوت، تەپتىش مەھكىمە سىستېمىسىنىڭ ئەھۋال ئۇقۇش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى بىلىشىدىكى زور ئوقۇشلۇقى.

1999 ـ يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۈختىنگى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈختىنگى مەسلىھەتلىشىپ، تارقىتىش، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە ئۇقتۇرۇش چىقاردى:

1. 1999 ـ يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى تارقىتىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتىدە بىر نەپەر مەسئۇل يولداش مەسئۇل بولۇش، خ ق دائىمىي كومىتېتى (خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتى)، ھۆكۈمەت بەنگۈختىنگى (ئىشخانىلىرى) دا بۇ خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان مەخسۇس ئادەم قويۇش؛ يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرى، ھۆكۈمەتلەر مۇشتەرى قو-

بۇل قىلىش خىزمىتىگە مەخسۇس ئادەم بەلگىلەش كېرەك. جايلاردىكى تارقىتىش پونكىتلىرى ۋە ناھىيە (شەھەر، رايون)دىكى ئالاقە باغلىغۇچىلار ئۆز جايىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىدىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەندىن سىرت، ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق فۇنكسىيىلىك تارماقلار ھەم سوت، تەپتىش مەھكىمىسى، ئۇنىڭغا قاراشلىق قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارغا بولغان تەشۋىقات، تەشكىللەش ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى پائال ئوبدان ئىشلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت بەنگۈڭتىڭى (ئىشخانىلىرى) پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا ماسلىشىشى كېرەك.

2. مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمىتى ئىشخانىسى بىر تۇتاش مۇشتەرى بولۇپ بېرىدۇ. ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن ژۇرنال بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى گۇرۇپپىلىرىدا 1 - 2 گىچە ژۇرنال بولۇشى كېرەك.

3. خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇللىرى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ھەم ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئورۇنلىرى ھەم ئۇنىڭ بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلىرى بۇ ژۇرنالغا پائال مۇشتەرى بولۇشى، ئاساسلىق رەھبەرلەردە بىردىن ژۇرنال بولۇشى كېرەك. ئومۇمەن بۇ ژۇرنالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك نىزاملىرى بېسىلغان بولسا، ئاپتونوم رايوندىكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نازارەت، ئىدارىلەر، ياكى تارماقلار ژۇرنال تەھرىراتى بىلەن شۇ سانلىق ژۇرنالنى كۆپەيتىپ بېسىشنى ئالاقىلىشىپ، شۇ ساھەدە ئۆگىنىدىغان يېتەرلىك ئۆگىنىش ماتېرىيالى بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. يەرلىك نىزامنىڭ سۈرى ۋە توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇندىن كېيىن، نازارەت، ئىدارىلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئۆزى ئايرىم ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى باسقاندا چوقۇم ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، قوللاشقا ئېرىشىشى كېرەك.

4. خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكى مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ھەققىنى ۋەكىللەر پائالىيەت خىراجىتىدىن چىقىم قىلىشقا بولىدۇ. باشقا تارماقنىڭ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ھەققى مەمۇرىي خىراجەتتىن چىقىم قىلىنسا بولىدۇ.

5. ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتلىرى، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك (رايونلۇق) خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى بۇ ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پىلانىنى، ئادەمنى تېزرەك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىراجەتكە كاپالەتلىك قىلىشى، 11 - ئاينىڭ باشلىرى 1999 - يىللىق مۇشتەرى سانىنى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى تەھرىراتىغا يوللاپ بېرىشى لازىم. تاپشۇرۇۋالغۇچى دېگەن ئورۇنغا ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى بىرلىك قىلىنىپ، پوچتا ۋاكالەت نومۇرى، ئادرېسى، ئىسىم - فامىلە بىرلىكتە يېزىپ يوللانسا بولىدۇ.

6. مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىشتا ئايىقى ئۈزۈلمىگەن ئىشلار بولسا، بىۋاسىتە ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىن سۈرۈشتۈرۈلسە بولىدۇ. تېلېفون نومۇرى: (0991) 2822065 ئارقىلىق 63719، 63716 گە ئۇلانسا بولىدۇ.

1998 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ 1998- يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، جايلاردىكى ئالاقە باغلاش پونكىتلىرى ۋە ئالاقىلەشكۈچىلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، 1998 - يىللىق ژۇرنالنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى ۋە تەشۋىقات دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەشۋىق قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر بارلىققا كەلتۈرۈلدى. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى يەنىمۇ ياخشى چىقىرىپ، تارقىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پىچان ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى قاتارلىق يەتتە ئورۇننى ئىلغار كوللېكتىپ؛ ئابدۇرېشىت ئوسمان قاتارلىق 23 نەپەر يولداشنى ئىلغار شەخس قىلىشنى تەستىقلاش قارار قىلىندى. ئىلغار كوللېكتىپ بولغان ئورۇنلار ۋە ئىلغار شەخسلەردىن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەشۋىق قىلىشنى خىزمەت بۆرچى دەپ تونۇپ، ژۇرنالنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى
بەنگۇڭتىڭى
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى
نەشرىياتى
1998 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

# شەرەپ تاختىسى

ئىلغار كوللېكتىپ:

پىچان ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى
بۈگۈر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى
يەكەن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى
تۇرپان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى
ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى
كۇچا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى

بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر

پىچان ناھىيىسىدىن: قادىر ھەسەن
بۈگۈر ناھىيىسىدىن: جاڭ يۈڭلەن
يەكەن ناھىيىسىدىن: ئابدۇرېشىت ئوسمان
تۇرپان شەھىرىدىن: ئەخمەت ماھىر
ئاقسۇ شەھىرىدىن: ساۋ جۇنپىڭ

ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر

بورتالا ئوبلاستىدىن: جى بۇجېن
كۇچا ناھىيىسىدىن: غوپۇر راخمان
باي ناھىيىسىدىن: ئارزۇگۈل مەھەممەت
كېرىيە ناھىيىسىدىن: مەھەممەت ئەيسا قۇربان
ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: لۇجيەنمىن
قاراقاش ناھىيىسىدىن: روشەنگۈل

ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر

قاغىلىق ناھىيىسىدىن: ئادىلجان
مەكىت ناھىيىسىدىن: ياسىن قاسىم
گۇما ناھىيىسىدىن: ھامۇت ھاپىز
چىرا ناھىيىسىدىن: ئېلى مەھەممەت
شىخەنزە شەھىرىدىن: لى شاۋشىڭ
غۇلجا ناھىيىسىدىن: ۋېن چىڭدۇڭ
لوپنۇر ناھىيىسىدىن: گوشيەنجۇ
ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىن: ياسىن ئىمىن
جىڭ ناھىيىسىدىن: لى شىنخۇا
مارالبېشى ناھىيىسىدىن: تۇرسۇن ئەكرەم
سانجى ئوبلاستىدىن: شۇكېيى
ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن: قۇربان نىياز

# «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى تەھرىراتى 1998 - يىللىق تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتى يىغىنى چاقىردى

يىلدا بىر ئېچىلىدىغان «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتى يىغىنى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم بازار —كۈيتۇن شەھىرىدە چاقىرىلدى. شىنجاڭ بويىچە 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىدىكى خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى، ۋىلايەتلىك خ ق خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە تارقاتقۇچىلاردىن بولۇپ جەمئىي 130 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى مەھەممەت ئىسمايىل، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ باش مۇھەررىرى لەن شۈيى، ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياڭ مېڭمەي ھەمدە كۈيتۇن شەھەرلىك پارتكوم، خ ق دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىپ، تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە مۇنەۋۋەر تارقاتقۇچىلارغا مۇكاپات تارقىتىپ بەردى. باش كاتىپ مەھەممەت ئىسمايىل ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى نامىدىن «ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋەزىيىتىگە ئويغۇنلىشىپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ياخشى چىقىرايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ، جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى مەسئۇللىرىنىڭ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتىگە ئېتىبار بېرىشى، ئۇنى قوللىشىنى ژۇرنال تىراژىنى تىرىشىپ كۆپەيتىپ، يېڭى بىر يىلدا يېڭى پەللىگە ئۆرلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

بۇ قېتىم يىغىندا بولتۇر تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتىدە ئىلغار بولغان ئورۇنلار، مۇنەۋۋەر تارقاتقۇچىلارنى تەقدىرلەش ئاساسىدا، باش كاتىپ مەھەممەت ئىسمايىلنىڭ سۆزىنىڭ روھىنى چۆرىدىگەن ھالدا، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى قانداق قىلىپ ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىلىرىگە تېخىمۇ تېز ھەم ياخشى ماسلاشتۇرۇپ، ژۇرنال سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، ئۇنىڭ ماسلىشىشچانلىقى، ئوقۇشلۇقىنى ئاشۇرۇش، تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشىلاش ۋە ئوبدان ئىشلەش مەركىزىي تېما قىلىنىپ، نەتىجىلەر ۋە تەجرىبە - ساۋاقلار يەكۈنلەندى. يىغىندا تەقدىرلەنگەن بورتالا ئوبلاستى، پىچان، بۈگۈر، يەكەن، كۇچا ناھىيىلىرى، تۇرپان، ئاقسۇ شەھىرى قاتارلىق يەتتە ئىلغار ئورۇن ۋە قادىر ھەسەن، ئابدۇرېشىت ئوسمان قاتارلىق 23 ئىلغار شەخس تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشتىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. يىغىنغا قاتناشقانلار مۇنداق ھېسابلىدى: «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى. بولتۇرقى تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قوللىشى، تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق، ژۇرنال تەشۋىقات يۆنىلىشى توغرا، سەھىپىلىرى يېڭىچە، ئۆزى ئىشلىگەن ماقالىلەر كۆپ، ماسلىشىشچانلىقى، ئوقۇشچانلىقى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. تارقىتىش جەھەتتە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ژۇرنال تىراژى مۇقىم ئاشتى، مۇشتەرىلەر سانى 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى سېپىدە بولمىغان سىرت ئورۇن ۋە ئىچكىرى جايلاردىمۇ ئۆز يولىغا مۇشتەرى بولۇشتەك خۇشاللىنارلىق ئەھۋال بارلىققا كېلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە مۇھىم تەشۋىقاتچىلىق رولىنى جارى قىلدۇردى. باش كاتىپ مەھەممەت ئىسمايىل ئاخىردا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە ھۆججەت تارقىتىپ، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدە بىردىن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى بولۇشنى، ھەر بىر يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى گۇرۇپپىلىرى بىردىن ئىككى نۇسخىغىچە مۇشتەرى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر (مەمۇرىي مەھكىمە)، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئورۇنلاردا بىر رەھبەر بىردىن مۇشتەرى بولۇشى، تارقىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشى، مۇدىرلار يىغىنى بۇ خىزمەت ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات ئاڭلاپ، ئۇنى مۇھاكىمە قىلىشى، تارقاتقۇچىلارغا زۆرۈر شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىپ، بۇ خىزمەتنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە تۈزۈملەشتۈرۈپ، مۇدىر ھامىدىن نىياز ئوتتۇرىغا قويغان پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 60 نەچچە مىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىدە بىردىن «خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلى» بولۇش نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

# «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيلى

※ ئابدۇرېشىت ئوسمان ※

**ناھىيىمىزدە** «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ژۇرنالنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە شۇنىڭدەك ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ئەدلىيە تارماقلىرىغا بىر نۇسخىسىدىن ھەقسىز تارقىتىپ بەردۇق.



ژۇرنالغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بىز «ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە» نىڭ باش قوشۇش يىغىنى ۋە يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ رەئىسلىرىنى تەربىيىلەش يىغىنلىرى شۇنىڭدەك يىلدا ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋەكىللەرنى تەربىيىلەش يىغىنلىرىدا «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق تۈزۈمى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى نەزەرىيىسى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم ئارتۇقچىلىقلارنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدۇق. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىدىكى ئالاقىدار قانۇنچىلىق نەزەرىيىلىرىنى ناھىيىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىغا كەڭ تۈردە تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ باردۇق، بۇنىڭ بىلەن «ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە» نىڭ ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئالاقىدار تارماقلار شۇنىڭدەك پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، 1997 - يىلى مۇشتەرى بولۇش سانىنى 746 نۇسخىغا يەتكۈزۈپ، (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 690 نۇسخا، خەنزۇچىسى 56 نۇسخا) تەشۋىقات خىزمىتىدە دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق.

مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى داۋامىدا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىشخانىنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە تاپشۇرۇۋېلىش - تارقىتىش ئىشخانىسىدىن بىر نەپەر خادىم مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل قىلىنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ نامىدا «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

تارقىتىش بىلەن بىرگە، ھەر قايسى ئورۇن، تارماقلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مۇشتەرى بولۇش سان تەقسىمات جەدۋىلىنى تارقاتتۇق ۋە ئۇقتۇرۇش تارقىتىلغان ئورۇنلارغا بېرىپ بەلگىلەنگەن سان تەقسىماتى بويىچە مۇشتەرى راسخوتى يىغىشنى ئەمەلىيلەشتۈردۇق. 1998 - يىلى بىز ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە 266 نۇسخا، يېزا - بازارلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ھەر قايسى ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىغا 150 نۇسخا، ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە سىياسىي كېڭەشكە 20 نۇسخا، دائىمىي كومىتېت ئورگىنىمىزغا 36 نۇسخا مۇشتەرى بولغاندىن باشقا دائىمىي كومىتېت ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىغا 44 سان، يېزا - بازارلاردىكى يېزا ئىگىلىك ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان فۇنكسىيىلىك تارماقلارغا 270 سان مۇشتەرى قوبۇل قىلدۇق. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى يەنىمۇ ياخشى تەشۋىق قىلىش، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تاپشۇرۇۋېلىش - تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن ئاساستا بىز تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىمىز.

(1) مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى باشلىنىشتىن بۇرۇن تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تەشۋىقات ئۇسۇلى ۋە ۋاستىسىنى كۆپەيتىپ، تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ ماسلىشىشى ۋە ھەمكارلىقىنى ئىزچىل قولغا كەلتۈرۈپ، تەشۋىقات ئارقىلىق مۇشتەرىلەر سانىنى كۆپەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىمىز. بۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا - بازارلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئاساسىي قاتلاملاردىكى يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەر قايسى كوپېراتىپ، پونكىت قاتارلىق فۇنكسىيىلىك تارماقلار، كارخانا، مەكتەپ، يەككە تىجارەتچىلەر، بىر قىسىم ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە، يېزا ئورگىنىدىكى بارلىق رەھبىرىي كادىرلارغا بىر ساندىن مۇشتەرى بولۇشنى ئىزچىل قولغا كەلتۈرىمىز. (2) دائىمىي كومىتېت ئورگىنىمىزنىڭ تەشۋىقات، خەۋەر قىلىش تورى قۇرۇلۇشىنى ۋە ئالاقىلىشىش، تارقىتىش قوشۇنىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، 1999 - يىللىق مۇشتەرى توپلاش ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرىغا ماقالە ئەۋەتىش خەۋەر بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى ئۇچۇرلاردىن خەۋەر بېرىشنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىمىز. بىز يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەشۋىقات ۋەزىپىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن خىزمەتلىرىمىزدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، قېرىنداش ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، تەشۋىقات ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، 1999 - يىللىق مۇشتەرى سانىنى 800 نۇسخىدىن ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىمىز.

(يەكەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)

## ※ ئەخمەت ماھىر ※



تۇرپان شەھىرىمىز تەۋەسىدە يەتتە يېزا، ئىككى بازا، ئىككى مەيدان، ئىككى ئىش بېجىرىش ئورنى بولۇپ، شەھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى 185 نەپەر، يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى 506 نەپەر، ئىككى دەرىجىلىك ۋەكىل جەمئىي 691 نەپەر بولۇپ، 1998 - يىلى مۇشتەرى بولغان «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى جەمئىي 715 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، ھەر بىر ۋەكىلگە بىردىن توغرا كېلىش تەلىپىدىن ئېشىپ كەتتى.

شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىمىز مۇشتەرى بولۇش ئوبيېكتلىرىنىڭ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن، مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىدىكى ئاڭلىقلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ ژۇرنال چىقىرىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى ۋە ژۇرنالنىڭ مەزمۇنى، ئالاھىدىلىكىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىپ، مۇشتەرى بولغۇچى ئوبيېكتلارغا بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشنىڭ «ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە» ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمىتىنى چۈشىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق ھالدا قوبۇل قىلدۇردى؛ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمەت ھوقۇقىنى توغرا، ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن، ۋاقتىدا، ئەتراپلىق، توغرا ئۇچۇرغا ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىقىنى، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ دەل خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئۇچۇر خەزىنىسى ئىكەنلىكىنى، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى تەمىن ئەتكەن ئۇچۇرلارنى ئىشلىتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى نەزەرىيىسى ئۇستىدە ئىزدىنىپ ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلغىلى، خىزمەت جەريانىدىكى گۇمانلىق، قىيىن نۇقتىلارنى ھەل قىلىپ ۋە يېشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولى ئارقىلىق، باشقا ئورۇنلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئەينەك

قىلىپ، نەزەر دائىرىسىنى، تەپەككۇر يولىنى كېڭەيتىپ،
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلى-
رىنىڭ خىزمەتلىرىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى تەجرىبىلەرنى
ئۆز جايىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەندە خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدى-
غانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

مۇشتەرى توپلاش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۇ-
چۇن، شەھىرىمىز مۇشتەرى بولغۇچى ئوبيېكتلارنى شەھەر
دەرىجىلىك ۋە يېزا ـ بازار دەرىجىلىك ئىككى چوڭ تۈرگە
بۆلدى. شەھەر دەرىجىلىك مۇشتەرى بولۇش ئوبيېكتلىرى
شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدى-
كىلەر، شەھەردىكى بەش يۈرۈش بەنزىنىڭ ئەزالىرى، شە-
ھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە دائىمىي كو-
مىتېتنىڭ ئىشخانىلىرىدىكى خادىملار، شەھەرلىك پارتكوم،
شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بىۋاستە قاراشلىق ھەر قايسى ئو-
رۇنلار، شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى، شەھەرلىك تەپتىش
مەھكىمىسىگە قاراشلىق كوللېگىيە، بۆلۈم، ئىشخانىلاردىن
ئىبارەت؛ يېزا ـ بازار دەرىجىلىك مۇشتەرى بولۇش ئوب-
يېكتلىرى يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىيا-
سىتى، يېزا ـ بازارلىق ھۆكۈمەت بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى،
يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە يېزا
ـ بازارغا قاراشلىق ئورۇنلاردىن ئىبارەت بولۇپ، شەھەر-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى ۋە
يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ئىشخا-
نىلىرى مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى كونكرېت ئەمەلىيلەش-
تۈرۈپ، كۆرسەتكۈچ، ۋەزىپىلەرنى تەقسىملىدى، تىرى-
شىش ئارقىلىق شەھەر دەرىجىلىك جەمئىي 209 پارچە،
يېزا ـ بازار دەرىجىلىك جەمئىي 506 پارچىغا مۇشتەرى
بولۇپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ۋەكىللەر-
نىڭ ھەر بىرىگە بىردىن توغرا كېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

«ۋەكىللەر قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، بىز
ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاسا-
سەن، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»
ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولىدىغان راسخوتنى ۋەكىللەرنى تەر-
بىيىلەش راسخوتىنىڭ تۈرلىرىگە كىرگۈزدۇق، شەھەرلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇنى يەنە ۋەكىللەر
پائالىيەت راسخوتىنىڭ يىللىق خام چوتىغا، مالىيە ئىدارى-
سى ئارقىلىق تۇرپان شەھىرىنىڭ يىللىق خام چوتىغا كىر-
گۈزدۇق. شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى بۇنى ئىجرا قىلىش-
نى تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشخانىنىڭ
مالىيىگە مەسئۇل مۇدىرىنى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»
ژۇرنىلىنى تارقىتىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق. شۇنداق قىلىپ،
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش
خىزمىتىدە يىلمۇيىل يۈكسىلىش بولۇپ، مۇشتەرى بولۇش
راسخوتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

ژۇرنالنى تارقىتىش خىزمىتى مۇشتەرى بولۇش خىز-
مىتىدىكى مۇھىم ھالقا. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»
ژۇرنىلىنى مۇشتەرى بولغان ئوبيېكتلارنىڭ قولىغا ئۆز
ۋاقتىدا تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بىز ئىككى خىل تەدبىر
قوللاندۇق: بىرى تارقىتىش خىزمىتىگە مەخسۇس خادىم
كونكرېت مەسئۇل قىلىنىپ، ئادەم كۈچى جەھەتتە تارقى-
تىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلدۇق؛
ئىككىنچىسى، تارقىتىپ بېرىش ئوبيېكتلىرىنى تۈرگە بۆ-
لۈپ ئايرىم ـ ئايرىم پوچتىدىن ئەۋەتىپ بەردۇق. ژۇرنالنى
ئۆز ۋاقتىدا تارقىتىش ئارقىلىق، شەھىرىمىزدىكى بەش
يۈرۈش بەنزە رەھبەرلىرى ۋە باشقا مۇشتەرى بولغۇچى ئوب-
يېكتلارنى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ۋاقتىدا
كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇق، شۇ ئارقىلىق ئۇلار
خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى چۈشىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئاڭلىق ھالدا قوللايدىغان بولدى.

تۇرپان شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن

## ※ ئارزۇگۈل مەھەممەت ※



باي ناھىيىلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلق
قۇرۇلتىيى تۇزۇمىنى تەشۋىق قى-
لىشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تو-
نۇپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتى-
يى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش
خىزمىتىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم
ۋەزىپە قاتارىدا تۇتۇپ، بۇ خىز-
مەتكە ئىشخانىنىڭ بىر نەپەر مۇئا-
ۋىن مۇدىرىنى مەخسۇس مەسئۇل قىلدى. رەھبەرلىكنىڭ
كۆڭۈل بۆلۈشى، مۇشۇ خىزمەتكە مەسئۇل خادىمنىڭ زور
تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە بىۋاستە ئىشلىشى ئارقىلىق،
ناھىيە مالىيىسىدە قىزىل رەقەم كۆرۈلۈپ، ۋەكىللەر پائا-
لىيەت راسخوتى ئەمەلىيلەشمىگەن، راسخوت ئاجرىتىش بىر
قەدەر قىيىن بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئۈنۈملۈك تەدبىر
قوللىنىلىپ، 1998 ـ يىلى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»
ژۇرنىلىغا 436 نۇسخا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىپ، 1997
ـ يىلدىكىدىن 36 نۇسخا ئاشۇرۇلۇپ، «شىنجاڭ خەلق
قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى 1995 ـ يىلى ئاشكارا تارقىتىلغاندىن
بۇيان، ئەڭ كۆپ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش رېكورتى يارىتىل-
غان بىر يىل بولدى.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ھەر دەرىجە-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە كادىرلىرىنىڭ ئۆگە-
نىش ماتېرىيالىنى ھەل قىلىش، جايلاردىكى خەلق قۇرۇل-
تىيى خىزمىتى ئەھۋالىنى چۈشىنىش، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى
ئۆستۈرۈش، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى
سۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاستە. مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىز-

مىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىرى مەسئۇل بولغان مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش، ئالاقىلىشىش پونكىتى قۇرۇلۇپ، ھەر قايسى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ رەئىسلىرى تارقاتقۇچى، ئالاقە باغلىغۇچى بولۇشتەك ئالاقە باغلاش تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى ھەمدە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى بەلگىلىنىپ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر بىر ۋەكىلى ئۈچۈن بىر نۇسخىدىن، ھەر بىر يېزا ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى ئۈچۈن بىر نۇسخىدىن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى بولۇش ئۆلچىمى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتى داۋامىدا يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرى ئالاقە باغلاش نۇقتىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردۇق. بىز يەنە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە «ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە» نىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۈچەيتىپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ خاراكتېرى ۋە رولىنى ئومۇميۈزلۈك تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتۇق. خىراجەت جىددىي، ھەر قايسى ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ مۇشتەرى بولۇش ئېڭى ئاجىز بولۇشتەك ئەھۋالدىمۇ، تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق، ئاكتىپ، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەپ، مۇشتەرى بولۇش دائىرىسىنى كېڭەيتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارقىتىش خىزمىتىنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەن، ئومباش، داچاۋ يېزىسى، باي بازىرى قاتارلىق 12 ئورۇننى ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ناھىيىلىك پارتكوم، «ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە» نىڭ رەھبەرلىرى ئۈچۈن بىر نۇسخىدىن، ھەر قايسى يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى ئۈچۈن 3 - 2 نۇسخىدىن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى بولۇش ئۆلچىمىنى ئىشقا ئاشۇردۇق.

بۇنىڭدىن كېيىن يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقات خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بىز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، قېرىنداش ئورۇنلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ مۇشتەرى بولۇش، تارقىتىش جەھەتتىكى ياخشى تەجرىبە ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىپ، 1999 - يىللىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ژۇرنالنىڭ ناھىيىمىزدە تارقىتىلىش سانىنى 500 نۇسخىدىن ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز.

(باي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)

## ※ ئەمەت ئىبراھىم ※



«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش، ناھىيە ۋە يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، نازارەتچىلىكنى يۈرگۈزۈش، ئومۇمىي خەلقنىڭ دېموكراتىيە ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق ئېڭىنى ئاشۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇشتىكى مۇھىم ماتېرىيالى. شۇڭا، بۇگۇر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

ئۆتكەن يىلى كورلىدا ئېچىلغان «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا مۇشتەرى بولۇش يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بىز دەرھال مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ، ھەر قايسى يېزا - بازارلاردىكى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرغان ئورۇنلارنى مۇكاپاتلىدۇق ھەمدە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش سانىنى يەنىمۇ كۆپەيتىپ، تارقىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدۇق. ئوبلاست، ناھىيە ۋە يېزىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ ھەر بىرسىدە بىر ساندىن بولۇش، ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى، يېزا - بازارلىق پارتكومنىڭ شۇجىلىرى، خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ رەئىسلىرى، يېزا باشلىقلىرى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى بارلىق كادىرلارنىڭ ھەر بىرسىدە بىر ساندىن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. دائىمىي كومىتېت يىغىنى ۋە باشقا يىغىن ئېچىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىگە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ماسلى-

شىشنى تەلەپ قىلدۇق، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى مەخسۇس ھۆججەت تارقىتىپ، مۇشتەرى بولۇش ۋە تارقىتىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە ئىككى نەپەر كادىرى بىۋاسىتە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ئون يېزا، ئىككى بازارغا بېرىپ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مۇشتەرى بولۇش سانىنى ئىلگىرىكى 30 نەچچە نۇسخىدىن 570 نۇسخىغا ئاشۇردى.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى قانۇن تۇرغۇزۇش ۋە نازارەت قىلىش، تەشۋىق قىلىشنىڭ سالمىقىنى كۈچەيتىپ، «يەرلىك نىزام»، «دېلودىن مىسال» قاتارلىق سەھىپىلەرنى ئېچىپ يېقىندىن ماقۇللانغان مۇھىم قانۇن، نىزاملارنى ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئەربابلارنى ماقالە يېزىشقا تەشكىللەپ، يېقىندىن ئېلان قىلىنغان قانۇن، نىزاملارنى بىر قەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ كەلمەكتە ۋە تەشۋىق قىلماقتا. قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ۋە قانۇنسىز جىنايى ئىشلار ھەرىكىتى بىلەن كۈرەش قىلىشتىكى ئىلغار تىپلار، تىپىك مىساللار ۋە قانۇن - ساۋاتلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ياخشى ۋەزىيەت يارىتىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايون ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى قانات يايدۇرغان ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتىنى باھالاش، «ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە» نىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش قاتارلىق نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرى ۋە يېڭى تەجرىبىلىرى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىنغان، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ۋە قىيىن مەسىلىلەر، جەمئىيەتتىكى قىزىق نۇقتىلارنى چۆرىدەپ نازارەت يۈرگۈزۈش ئەھۋالى ۋە تەجرىبىلەر پائال ئىنكاس قىلىنغان.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىدىكى نۇقتىلىق ماتېرىيال بولۇپ قالدى. يېزا - بازارلاردا ئوقۇشلۇق ماتېرىيالى بىر قەدەر كەمچىل. شۇڭا، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك بۇرچىنى ئادا قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان يېتەكچىلىك قورالى بولۇپ قالدى. ئىگىلىشىمىزچە ناھىيىمىزدىكى يېزا دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى ھەر بىر سان «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىققان. بەزى كەنتلەردىكى كەنتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، كەنت دەرىجىلىك مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىدا كېڭەيتىلگەن تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق قانات يايدۇرۇلغان.

(بۈگۈر ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)

※ غوپۇر راخمان ※



كۇچا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار، ھەر قايسى ئورۇن، تارماقلارنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرى ئۈچۈن بىر نۇسخىدىن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 1998 - يىلى جەمئىي 466 نۇسخا مۇشتەرى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا بىز «ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە» دىكى فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى، ئىككى مەھكىمىدىكى بارلىق خادىملارنى يىغىپ ئۆگىنىش كۇرسىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلاردىن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، نازارەت قىلىش بىلەن نازارەت قىلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدۇق.

بۇ يىل ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى نۆۋەت ئالماشتۇرىدىغان بولغاچقا «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى بىر مەزگىل توختاپ قالدى. 2 - ئايدا يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كۇچا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىرنى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدۇق، مۇدىرلار يىغىنى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئالتە نەپەر كادىرنى بۇ خىزمەتكە ئاجراتتۇق. ناھىيىمىزدە 120 كارخانا، كەسپىي ئورۇننىڭ مۇشتەرى بولۇشىغا تۆت گۇرۇپپا، كۇچادا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ مۇشتەرى بولۇشىغا ئىككى گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئالتە نەپەر كادىرنى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە ئاتلاندۇردۇق. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىزمەتنى باشلاشتىن ئىلگىرى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتۇق، ئۇقتۇرۇشتا ئورۇنلارنىڭ مۇشتەرى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئېنىق بېكىتىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىشقا ئاجرى-

تىلغان خادىملار خىزمىتىنى ياخشى ئاساس بىلەن تەمىنلە-
دۇق.
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە بىز بىر تەرەپ-
تىن، ھەر قايسى ئورۇنلار رەھبەرلىرىنىڭ چوقۇم بىر
نۇسخىدىن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتە-
رى بولۇشنى تەلەپ قىلساق، يەنە بىر تەرەپتىن، كۇچادا
تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايون ۋەكىلى ۋە ناھىيە ۋەكىللىرىنىڭ
بىر نۇسخىدىن مۇشتەرى بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئىش
ھەققى ئالىدىغان تۇراقلىق كىرىمى بار ۋەكىللەرنىڭ مۇشتە-
رى ھەققىنى شۇ ۋەكىل تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ تەشۋىقات
خىراجىتىدىن ئاجرىتىش، تۇراقلىق كىرىمى بولمىغان ۋە-
كىللەرنىڭ مۇشتەرى ھەققىنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر پائالىيەت راسخوتىدىن چىقىم
قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق. بۇنىڭدىن باشقا خەلق قۇرۇل-
تىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىگە يەنىمۇ ئىلگىرى-
لەپ رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى قوللاشقا پايدىلىق بولسۇن
ئۈچۈن، ناھىيىدىكى ئالتە يۇرۇش رەھبەرلىك بەنزە رەھ-
بەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بىر نۇسخىدىن مۇشتەرى بولۇشنى
تەلەپ قىلدۇق.
مەسئۇلىيىتى كۈچلۈك بولغان خادىمنى تارقىتىش
خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىش «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»
ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدىكى ھەل قىل-
غۇچ ئامىل. يىللاردىن بۇيان بىز بىر نەپەر پېشقەدەم يول-
داشنى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تاپشۇرۇ-
ۋېلىش، تارقىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلغاچقا، ژۇرنالغا
مۇشتەرى بولغان ئورۇنلار ژۇرنالنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇ-
ۋالدى. بولۇپمۇ بۇ يىل «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇر-
نىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش سانىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن،
ناھىيىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ مۇشتەرى بولۇش خىزمە-
تىنى كۈچەيتىشتىن باشقا، كۇچادا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ
مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتۇق. مۇشتەرى قوبۇل
قىلغاندىن كېيىن، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ھەر بىر ساند-
نى چوقۇم ۋاقتىدا يەتكۈزدۇق. ئالاھىدە يىراق بولغان
ئورۇنلارغا پوچتا ئارقىلىق يەتكۈزدۇق. بۇنىڭ بىلەن ناھە-
يىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نوپۇزىنى كۈچەيتتۇق.

(كۇچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)

※ جى بوجېن ※

ئاپتونوم ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ
رەھبەرلىكى ۋە ئەھمىيەت بېرىشى ئاستىدا، 1998 ـ يىلى
ئوبلاستىمىز بويىچە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى-
غا جەمئىي 295 نۇسخا مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ، چۈشۈ-
رۈلگەن ۋەزىپىدىن 35 نۇسخا ئارتۇق مۇشتەرى قوبۇل قىل-
دۇق ھەمدە تۇنجى قېتىم ھەر بىر ۋەكىلدە بىر نۇسخىدىن
بولۇش، ئوبلاستلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدە بىر
نۇسخىدىن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇر-
دۇق.



مۇشتەرى قوبۇل قىلىش دا-
ۋامىدا بىز ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتى-
يىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىنى تۇت-
تۇق ھەمدە ھەر قايسى خەلق ۋە-
كىللىرىدە بىر نۇسخىدىن بولۇش،
دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى،
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، خەلق قۇ-
رۇلتىيى ئورگىنىدىكى خىزمەتچىلەردە بىر نۇسخىدىن بو-
لۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. ئاندىن «ھۆكۈمەت، ئىككى مەھ-
كىمە» نىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى نۇقتىلىق تۇتتۇق، بىز
ئاقسۇ ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى
نامىدىن ھۆججەت تارقىتىپ، «ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكە-
مە» نىڭ «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» غا چوقۇم مۇشتەرى
بولۇش، ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملار ۋە ئۇنىڭ تارماق-
لىرى ئاز دېگەندە بىر نۇسخىدىن مۇشتەرى بولۇشنى ئېنىق
تەلەپ قىلدۇق. ئاندىن، بىز يەنە ئوبلاستلىق پارتكوم تەش-
ۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ ھۆججەت تارقىتىپ،
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» غا مۇشتەرى بولۇش ۋە تارقى-
تىش خىزمىتىنى پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرناللىرىغا
مۇشتەرى بولۇش، تارقىتىش خىزمىتى قاتارىغا قويۇپ،
ئاپتونوم ئوبلاستىمىزدا چاقىرىلغان پارتىيە گېزىتى، پارتى-
يە ژۇرناللىرىغا مۇشتەرى بولۇش ۋە تارقىتىش نەق مەيدان
يىغىنىدا ھۆججەتلەرنى تارقىتىپ، بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى
بولۇشنى تەكىتلىدۇق ۋە سەپەرۋەر قىلدۇق. مۇشتەرى قو-
بۇل قىلىش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىن، بىز ئالاقە باغ-
لىغۇچىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەر قايسى ئورۇنلارغا
بىۋاسىتە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىپ، خىزمەت ئىشلەپ، قى-
يىنچىلىقتىن قورقماي، بىر قېتىمدا بولمىسا ئىككى قېتىم
بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى دادىل تەشۋىق قىلىپ،
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش-
نىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى قايتا ـ قايتا تەشۋىق قىلىپ،
سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلىش، پوزىتسىيە چوقۇم ياخشى
بولۇش، بىر قەدەر قىيىن بولغانلىرىنى ئىشخانا رەھبەرلى-
رى ئوتتۇرىغا چىقىپ خىزمەت ئىشلەش، تېلېفون بېرىش،
ئالدىغا بېرىش ئارقىلىق، تاكى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنگە قەدەر
خىزمەت ئىشلەشنى تەلەپ قىلدۇق. مۇشۇنداق تىرىشچانلىق
كۆرسىتىش ئارقىلىق، 1998 ـ يىللىق مۇشتەرى قوبۇل
قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدۇق.
ئەمەلىيەت داۋامىدا، بىز «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتى-
يى» ژۇرنىلىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قى-
لىدىغان ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىدىغان، شۇنداقلا ئاپتونوم
رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرى-
دىغان ناھايىتى ياخشى ژۇرنال ئىكەنلىكىنى تونىدۇق.
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ ئورۇندالغانلىقى پە-

قەت خىزمىتىنىڭ يېرىمىلا ئورۇندالغانلىق بولۇپ، يەنە قال-
غان يېرىمى تارقىتىش خىزمىتىدىن ئىبارەت. ئەگەر تارقى-
تىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمىسە، مۇشتەرى بولۇش ئاك-
تىپچانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا بىز ئاللىقاچان-
دىن تارقىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەشنى
ھەمدە تارقىتىش خىزمىتىنى دائىم سۈرۈشتە قىلىپ تو-
رۇشنى تەلەپ قىلدۇق. ئوبلاستىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا
ئاساسەن، بىزنىڭ قوللىنىلغان تارقىتىش ئۇسۇلى تۆۋەندى-
كىچە: بىرىنچىدىن، دائىمىي كومىتېتنىڭ ۋەكىللەر بىلەن
ئالاقە باغلاش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىدىن پايدىلى-
نىپ ئاساسىي قاتلام دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرى-
دىكى ۋەكىللەرگە ئاپىرىپ بېرىش. ئىككىنچىدىن، دائىمىي
كومىتېت يىغىنى چاقىرغاندا ناھىيە، شەھەرلەردىن يىغىنغا
كەلگەنلەرگە ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق ۋەكىللەرگە يەتكۈزۈپ
بېرىش. ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ۋەكىللەر بىلەن «ھۆ-
كۈمەت، ئىككى مەھكىمە» دىكى مۇشتەرى بولغان ئورۇنلار-
غا ئالاقە باغلىغۇچى خادىمىمىز ئۆزى بىۋاسىتە ئاپىرىپ
بېرىش ھەمدە تاپشۇرۇۋېلىش ئىمزاسىنى قويدۇرۇش رە-
مىيىتىنى قوللاندۇق. «ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە» نىڭ
مۇشتەرى بولغان ئىشخانىلىرى شەھەر ئىچىدە بىر قەدەر
تارقاق بولغانلىقتىن، ئالاقە باغلىغۇچى خادىمىمىز تۆت پە-
سىلنىڭ ھەر قانداق ۋاقتىدا پىيادە ياكى ۋېلىسىپىت بىلەن
ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇردى، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق،
تارقىتىش ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەت-
لىك قىلدۇق.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بو-
لۇش ۋە ئۇنى تارقىتىش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىش-
لەپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى
مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزنى ئوبلاست، شە-
ھەر، ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئىلگىرى
سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىمىز.

(بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خ ق
دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن)

## ※ ليۇخەيچېن ※



ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»
ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قى-
لىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمى-
يەت بېرىپ، ئۇنى ئورگان خىز-
مىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ،
ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،
چىڭ ھەم ياخشى تۇتۇپ، خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىنى نىسبەتەن
ياخشى ئىلگىرى سۈردى. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى
تەشۋىق قىلىدىغان ئۇسۇل، شەكىل، يوللار ناھايىتى كۆپ،
بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا
مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىر خىل
ئۈنۈملۈك يول. 1997 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كورلىدا «شىنجاڭ خەلق
قۇرۇلتىيى» تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنى چاقىرغاندىن كې-
يىن، بىز شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى-
دىكى كادىرلارنى يىغىن روھىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ،
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش،
تارقىتىش خىزمىتىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈ-
رۈپ، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ يەرلىك
خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلى ئىكەنلىكىنى، جايلارنىڭ خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى ۋە ساقلان-
غان مەسىلىلەرنى بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىنكاس قىلىپ
بېرىدىغانلىقىنى بىردەك تونۇپ يەتتۇق. ئۇنىڭ قاراتمىلىقى
كۈچلۈك، تەجرىبىلىرىنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىشقا باب كې-
لىدۇ، جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئەھۋالى بى-
لەن بىر قەدەر يېقىن، ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا
قولايلىق بولۇپ، خىزمەتتە ئۈرنەك تېپىش، ئۆزئارا ئىلگى-
رى سۈرۈش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشقا پايدىلىق. «شىن-
جاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ مەزمۇنى بىلەن جايلا-
رنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ قەدىمى زىچ بىرلەشتۈ-
رۈلگەن. بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە
قىلىش، شەھەرنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، يەرلىكنى
قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش جەھەتتە ناھايىتى ياخشى نەزەرى-
يىۋى يېتەكچىلىككە ئىگە. خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تېپلارنى
ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش، مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى يۈر-
گۈزۈشكە پايدىلىق.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتى-
يى» ژۇرنىلى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىمىزنى ياخشى
ئىشلەشتە ماسلىشىش، قوللاش، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە
ئىلھام بېرىش رولىنى ئويناپ، بىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتىمىزنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى قىبلىنامە ۋە كەم
بولسا بولمايدىغان ياردەمچى بولۇپ قالدى. خەلق قۇرۇلتى-
يى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز
چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ بىز «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتى-
يى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىز-
مىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك ئۈنۈملۈك تەدبىرلەردىن
پايدىلىنىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمى-
تىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۆتكەن يىللىقى ئاساستا، خۇشاللىنار-
لىق قەدەم تاشلىدۇق. ئىلگىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىش
دائىرىمىز پەقەت شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كو-
مىتېتىنىڭ مەسئۇلى ۋە ھەر قايسى ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى
شۇنداقلا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قىسمەن فۇنكسىيىلىك
تارماقلىرىلا بولۇپ جەمئىي 725 نۇسخا مۇشتەرى بولغانى-

دى. بۇ يىل بىز تەشۋىقات ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمەت سالمىقىنى كۆچەيتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش مىقدارى 810 نۇسخىغا كۆپەيتىلىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 85 نۇسخا ئاشتى. تارقىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بارلىق شەھەرلىك، يېزىلىق خەلق ۋەكىللىرىدە بىر نۇسخىدىن بولۇش، ئورگاندىكى خىزمەتچى خادىملاردا بىر نۇسخىدىن بولۇش، پارتكومدىكى ئاساسلىق رەھبەردە بىر نۇسخىدىن بولۇش، ھۆكۈمەت ۋە ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىدە بىر نۇسخىدىن بولۇش، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى ۋە كوللېگىيە باشلىقىدىن يۇقىرى رەھبەرلەردە بىر نۇسخىدىن بولۇش، ھەر قايسى يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىلىرىدا بىر نۇسخىدىن بولۇش، شەھەرلىك تۆمۈر چۇققا پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، سېمونت زاۋۇتى، سۇلياۋ زاۋۇتى، تەمىنات سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق ئىدارىسى، تۆت كوچا ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرىدە بىر نۇسخىدىن بولۇش ئىشقا ئاشتى. رەھبەرلەر ئەھمىيەت بەرگەن، تەدبىر كۈچلۈك بولغان، تەشۋىقات خىزمىتى چىڭ تۇتۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار زور كۈچ بىلەن ھەمكارلاشقانلىقتىن، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ھازىر «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە شەھەردىكى ئورگانلار، ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى ئارىسىدىكى تەسىرى ناھايىتى زور بولۇپ، مۇشتەرى بولۇۋاتقانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. «ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە» نىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىش ئېڭىمۇ بارغانسېرى كۈچەيىپ، ژۇرنالنىڭ تېگىشلىك رولى پائال جارى قىلدۇرۇلدى.

مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئارقىلىق، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ تۇرلۇك تەرەققىياتنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈردۇق. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدە ناھايىتى كۈچلۈك يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۇرلۇك خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلى ئارقىلىق سىرتقى جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك قىلىپ، ئەدلىيە خىزمىتىنى باھالاش، دائىمىي كومىتېت خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئورگاننىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

نەزەرىيە تەتقىقاتى — ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتچىلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىكى مۇھىم ئۇسۇل. دائىمىي كومىتېتىمىزدىكى تۆت خىزمەت كومىتېتى ۋە ئىشخانىدا «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى ئوقۇش، ئۆگىنىش، كەسپىي ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلاندى ھەمدە ئۇنى ئۆز خىزمىتىمىزگە يېتەكچى قىلىپ، ئۆگىنىش ئارقىلىق كادىرلىرىمىزنىڭ ساپاسى مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشمۇ بىزنىڭ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتى. خەلق ۋەكىللىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يادروسى. خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنىڭ بىرى شۇكى، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ قانداق قىلىپ ئۆز ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىش كېرەكلىكىنى ئىنكاس قىلىپ ۋە تونۇشتۇرۇپ، ئالاقىدار قانۇن بىلىملىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ۋەكىللەرنى ئاسان چۈشىنىدىغان ۋە ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەيلى ۋەكىللەرنى ئېكسكۇرسىيىگە، تەكشۈرۈشكە تەشكىللەش بولسۇن ياكى ئەدلىيە ئورگانلىرىنى باھالاشقا قاتناشتۇرۇش بولسۇن ۋەكىللەرنىڭ قانۇنىي بىلىملەرنى ئىشلىتىش ۋە قانۇنىي تەرتىپلەرنى چۈشىنىش دەرىجىسى، شۇنداقلا ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتلەردە زور رول ئوينىدى.

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ قېتىمقى يېغىن ئارقىلىق «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى يەنىمۇ كەڭ تارقىتىلىدۇ. بولۇپمۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شەھەرنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، يەرلىكنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتى باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان پەيتتە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش بىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىمىزدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرغۇسى، شۇڭا بىز «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، شەھىرىمىز خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

(ئاقسۇ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش نىزامى

(1998- يىل 7- ئاينىڭ 30- كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

(9 - 3 — نومۇرلۇق)

(1998-يىل 7-ئاينىڭ 30-كۈنى)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش نىزامى» 1998 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى، ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

1 - ماددا بۇ نىزام يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، بىرلىككە كەلگەن، ئېچىۋېتىلگەن، رىقابەتلىك، تەرتىپلىك يول ترانسپورت بازىرى بەرپا قىلىش، يول ترانسپورت تىجارەتچىلىرى، يولۇچىلار، يۈك ئىگىلىرى ۋە باشقا مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ قانۇنىي هوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە، مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

2 - ماددا بۇ نىزامدا ئېيتىلغان يول ترانسپورتى يول يولۇچىلار ترانسپورتى، يۈك ترانسپورتى ھەمدە يول ترانسپورتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قاتناش ۋاسىتىسى رېمونتچىلىقى، يۈك يۆتكەش، قاچىلاش - چۈشۈرۈش، ترانسپورت مۇلازىمىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3 - ماددا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە يول ترانسپورت تىجارىتى ۋە باشقۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر بۇ نىزامغا رىئايە قىلىشى كېرەك. قانۇن، نىزاملاردا ئايرىم بەلگىلىمە بارلىرىدا شۇ بەلگىلىمە ئىجرا قىلىنىدۇ.

4 - ماددا يول ترانسپورتىدا كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش، پائال يۆلەش، بىخەتەرلىكنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ، قانۇنلۇق تىجارەت قوغدىلىدۇ، ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇلىدۇ.

5 - ماددا ئاپتونوم رايونىنىڭ قاتناش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايونىنىڭ يول ترانسپورت خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك قاتناش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ يول ترانسپورت خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ، ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى قاتناش ترانسپورت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى (تۆۋەندە ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى دېيىلىدۇ) ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كونكرېت ئىشلەيدۇ.

## 2 - باب تىجارەت باشلاش ۋە ئۆزگەرتىش

6 - ماددا تىجارەتلىك يول ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن، ئۆزىنىڭ تىجارەت خىللىرى، تۈرلىرى ۋە دائىرىسىگە ماس

كېلىدىغان ئۇسكۈنە، ئەسلىھە، مەبلەغ ۋە كەسپىي خادىم جەھەتلەردە تىجارەت باشلاش شەرتىنى ھازىرلىشى شەرت.

7 ـ ماددا  يول ترانسپورت تىجارىتىنى باشلاش شەرتىنى ھازىرلاپ، يول ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار شۇ جايدىكى ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتىغا يازما ئىلتىماس سۇنىدۇ، ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن تەستىقلاش تەرتىپى بويىچە تەستىقلايدۇ. تەستىقلىغۇچى تارماق ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن 15 كۈن ئىچىدە، ئالاھىدە ئەھۋالدا 30 كۈن ئىچىدە يازما تەكشۈرۈش قارارىنى چىقىرىپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىغا تىجارەت ئىجازەتنامىسى بېرىدۇ، شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىرىغا يازما ئۇقتۇرۇپ قويىدۇ.

تىجارەتسىز يول ترانسپورتى قىلغۇچى ئورۇن ۋە شەخسلەر ئۈچ ئايدىن ئاشمايدىغان تىجارەتلىك يول ترانسپورتى بىلەن ۋاقىتلىق شۇغۇللانماقچى بولغاندا، ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتىغا ئىلتىماس قىلىپ، ۋاقىتلىق تىجارەت رەسمىيىتىنى بېجىرىشى كېرەك.

ئىلتىماس قىلغۇچى تىجارەت ئىجازەتنامىسىنى ئېلىپ سودا ـ سانائەت مەمۇرىيىتى، باج تارمىقىغا بېرىپ تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندىن كېيىن تىجارەت قىلسا بولىدۇ.

8 ـ ماددا  تىجارەتلىك يول ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بېكىتىلگەن تىجارەت دائىرىسى، تۈرى، رايونى بويىچە تىجارەت قىلىشى كېرەك. تىجارەت تۈرىنى، دائىرىسىنى ئۆزگەرتىدىغانلار تىجارەت باشلاشنى تەستىقلىغان تارماققا 30 كۈن بۇرۇن تەستىقلىتىشى شەرت؛ كۆچۈرۈش، نامىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق باشقا ئۆزگىرىش قىلىدىغانلار ۋە تىجارەتنى توختىتىدىغانلار تىجارەت باشلاشنى تەستىقلىغان تارماققا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك.

9 ـ ماددا  ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى تىجارەتلىك يول ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ تىجارەت سالاھىيىتىنى يىللىق تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. يىللىق تەكشۈرتمىگەن ياكى يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەنلەرنىڭ يول ترانسپورتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئالاھىدە ئەھۋالدا قەرەلىدە يىللىق تەكشۈرتەلمەيدىغانلار ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن، تەكشۈرتۈش ۋاقتىنى ئۇزارتسا بولىدۇ، لېكىن ئەڭ ئۇزاق بولغاندا بىر يىلدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

يول ترانسپورت تىجارەتچىلىرى بەلگىلىمە بويىچە شۇ جايدىكى ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتىغا ستاتىستىكىلىق مەلۇمات جەدۋەللىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يوللىشى كېرەك.

10 ـ ماددا  ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ بىراك قىلىنغان قاتناش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ يول ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

## 3 ـ باب  يولۇچى ترانسپورتى

11 ـ ماددا  يول يولۇچى ترانسپورتى نۆۋەتلىك ئاپتوموبىل، ساياھەت ئاپتوموبىلى، تاكسى ۋە كۆتۈرە ئاپتوموبىل يولۇچى ترانسپورتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

12 ـ ماددا  لىنىيىسى، نۆۋەت قېتىمى، بېكىتى بېكىتىلگەن يولۇچى ترانسپورت قاتناش ۋاسىتىلىرى يولۇچىلارنى ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى بېكىتكەن بېكەتتە ئېلىشى، ئېلان قىلغان ۋاقىتتا مېڭىشى شەرت. تەستىقلاتماي تۇرۇپ، ماڭماسلىققا ياكى لىنىيە، نۆۋەت قېتىمى، بېكەتنى ئۆزگەرتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

لىنىيىسى بېكىتىلىپ، نۆۋەت قېتىمى بېكىتىلمىگەن يولۇچى ترانسپورت قاتناش ۋاسىتىلىرى ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى بېكىتكەن بېكەتتە يولۇچى ئېلىپ، رېتى بىلەن مېڭىشى شەرت.

13 ـ ماددا  ساياھەت ئاپتوموبىللىرى تەستىقلاتقان لىنىيە ۋە رايوندا قاتنىشى كېرەك.

14 ـ ماددا  تاكسىلار كىرا ھەققى ئۆلچىمى ۋە نازارەتچىلىك تېلېفون نومۇرىنى چاپلىشى، تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن تاكسومېتىرنى ئورنىتىشى ھەم ئىشلىتىشى، يولۇچى كۆرسەتكەن مەنزىلگە مۇۋاپىق لىنىيىنى تاللاپ يۈرۈشى كېرەك، قەستەن ئايلىنىپ يۈرۈشكە يول قويۇلمايدۇ. قۇرۇق تاكسىنىڭ يولۇچىنى ئالماسلىقىغا يول قويۇلمايدۇ.

15 ـ ماددا  يولۇچى ترانسپورت تىجارەتچىلىرى يولۇچىلارنى بېلەتتە كۆرسىتىلگەن ۋاقىت، ئورۇن بويىچە توشۇشى كېرەك. تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يېرىم يولدا قاتناش ۋاسىتىسىنى يەڭگۈشلەشكە، يولۇچىلارنى قاتناش ۋاسىتىسىدىن چۈشۈشكە زورلاشقا ياكى باشقا قاتناش ۋاسىتىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ. قاتناش ۋاسىتىسىنى يەڭگۈشلەش ياكى باشقا قاتناش ۋاسىتىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش زۆرۈر تېپىلغاندا، تەكرار ھەق ئېلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

يولۇچى ترانسپورت تىجارەتچىلىرىنىڭ يولۇچىلارنى زورلاپ ئېلىشى ۋە باشقىلارنىڭ نورمال يول ترانسپورت

تىجارىتىگە كاشىلا قىلىشى، ئۇنى چەتكە قېقىشى قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.

16 ـ ماددا يولۇچى ترانسپورت تىجارەتچىلىرىنىڭ سەۋەبلىكىدىن يولۇچىلار ئاپتوموبىلدىن قېپقېلىش، باشقىسىغا چىقىپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، تىجارەتچىلەر يولۇچىنىڭ تەلىپى بويىچە بېلەت پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشى ياكى باشقا ئاپتوموبىلغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشى كېرەك؛ يولۇچىلارغا جىسمانىي زەخمەت يەتسە ياكى توشۇلغان يۈك - تاقلىرى زىيانغا ئۇچرىسا، يىتىپ كەتسە، تىجارەتچىلەر قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

17 ـ ماددا يولۇچى ترانسپورت تىجارەتچىلىرى قاتناش ۋاستىسىنىڭ بېكىتىلگەن ئادەم سانى ئۆلچىمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى كېرەك، يولۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئارتۇق ئادەم سېلىش، بەلگىلەنگەن سۈرئەتتىن تېز ھەيدەش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.

18 ـ ماددا يولۇچىلار ئاپتوموبىلغا ئىناۋەتلىك بېلەت بىلەن چىقىشى، ئولتۇرۇش تەرتىپىنى ئاڭلىق ساقلىشى، جامائەت ئەسلىھەلىرىنى ئاسرىشى كېرەك. ئاسان يانىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان، زەھەرلىك، ئاسان چىرىيدىغان، خەتەرلىك بۇيۇملار ۋە ئېلىپ يۈرۈش مەنئى قىلىنغان باشقا بۇيۇملارنى ئېلىپ بېكەتكە كىرىش، ئاپتوموبىلغا چىقىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.

19 ـ ماددا تراكتور، يۈك ئاپتوموبىلى ۋە دۆلەت يولۇچى ئېلىش مەنئى قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلىگەن باشقا قاتناش ۋاستىسى ئارقىلىق يول يولۇچى ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.

## 4 ـ باب يۈك ترانسپورتى

20 ـ ماددا تىجارەتلىك يول يۈك ترانسپورتىدا ئادىل رىقابەتلىشىش، ياخشىسىغا توشۇتۇش پرىنسىپى بويىچە، توشۇغۇچى بىلەن توشۇتقۇچى توشۇش توختامى ئىمزالايدۇ.

توشۇغۇچى يۈكنى تەستىقلانغان تىجارەت دائىرىسى، ئېلىكىدىكى قاتناش ۋاستىسىنىڭ تىپى ۋە تېخنىكا شارائىتىغا قاراپ توشۇشى كېرەك.

يولدا پارچە يۈك توشۇغۇچى تەستىقلانغان لىنىيە، ۋاقىت جەدۋىلى، بېكەت بويىچە مېڭىشى لازىم.

21 ـ ماددا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن كۆپ مىقدارلىق ماددىي ئەشيا، تاشقى يۈك ـ تاق ۋە باشقا ئالاھىدە ماددىي ئەشيانى توشۇشتا، ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى توشۇش پىلانى چۈشۈرىدۇ، ھەر دەرىجىلىك ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى كونكرېت يولغا قويىدۇ.

ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بىلەن خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق جىددىي ترانسپورت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا، شۇ جايدىكى قاتناش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى توشۇش پىلانى چۈشۈرىدۇ، ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. يول ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخس ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنۇشى شەرت.

22 ـ ماددا بېكەت ـ ستانسا، ئايرودروم، زاۋۇت ـ كان، ئىسكىلات، يۈك مەيدانى قاتارلىق يۈك يىغىلىدىغان جايلار يۈك ترانسپورتىغا يۈك تەقسىملەش مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرىنى قۇرسا بولىدۇ.

23 ـ ماددا باشقا ئۆلكىلەرنىڭ يۈك ترانسپورت قاتناش ۋاستىلىرىدىن ئاپتونوم رايونىمىزغا كىرىپ ترانسپورت تىجارىتى قىلىدىغانلىرىدىن تىجارەت ۋاقتى ئۈچ ئايغا يەتمەيدىغانلىرىنى، يۈك بار جايدىكى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى تەستىقلايدۇ؛ ئۈچ ئايدىن ئاشىدىغانلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى تەستىقلايدۇ.

24 ـ ماددا چەك قويۇلىدىغان، ئىجازەت ئېلىنىدىغان ماددىي ئەشيا، خەتەرلىك يۈك ۋە ئېغىرلىقى، ئېگىزلىكى چەكتىن ئاشىدىغان يۈكنى توشۇشتا، توشۇتقۇچى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە ئىجازەت رەسمىيىتىنى بېجىرگەندىن كېيىن، توشۇغۇچى ئاندىن توشۇسا بولىدۇ.

## 5 ـ باب قاتناش ۋاستىسىنى رېمونت قىلىش ۋە ئۆلچەش

25 ـ ماددا قاتناش ۋاستىسى رېمونتچىلىقى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. قاتناش ۋاستىسى رېمونتچىلىقىنىڭ دەرىجىسىنى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) دىن يۇقىرى ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە بېكىتىدۇ ھەمدە رېمونتچىلىق تېخنىكا دەرىجىسى بەلگىسىنى تارقىتىدۇ.

قاتناش ۋاستىسى رېمونتچىلىق تىجارەتچىلىرى بەلگى-

لەنگەن رېمونت دەرىجىسى ۋە تىجارەت كىنىشكىسىدا بېكىتىلگەن تىجارەت دائىرىسى بويىچە تاختا ئېسىپ تىجارەت قىلىشى كېرەك.

26 ـ ماددا قاتناش ۋاسىتىسى ئىگىلىرى قاتناش ۋاسىتىسى رېمونتچىلىق تىجارەتچىلىرىنى ئۆزى تاللايدۇ، ھەر قانداق ئورۇن ۋە ° °نىس قاتناش ۋاسىتىسى ئىگىلىرىنى كۆرسىتىلگەن رېمونت زاۋۇتىغا بېرىپ قاتناش ۋاسىتىسىنى رېمونت قىلدۇرۇشقا ياكى ئۈسكۈنە ئورنىتىقۇزۇشقا مەجبۇرلىسا ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا مەجبۇرلىسا بولمايدۇ. قاتناش ۋاسىتىسى رېمونتچىلىق تىجارەتچىلىرى رېمونت قىلدۇرغۇچىلارغا ئۈستەك بېرىش، ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ رېمونت تۈرى، رېمونت ھەققىنى يالغان مەلۇم قىلىش قاتارلىق ناتوغرا ئۇسۇللار بىلەن خېرىدار تارتسا بولمايدۇ.

27 ـ ماددا قاتناش ۋاسىتىسى رېمونتچىلىقىدا رېمونت توختامى، زاۋۇتتىن چىقىرىش لاياقەتنامىسى ۋە سۈپەت كاپالەت مۇددىتى تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

رېمونت قىلىنغان قاتناش ۋاسىتىلىرىدىن سۈپەت كاپالەت مۇددىتى ئىچىدە رېمونت سۈپىتى سەۋەبىدىن كاشىلا چىقسا، رېمونتچى قايتىدىن ھەقسىز رېمونت قىلىپ بېرىدۇ؛ زىيان پەيدا قىلغانلىرى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

قاتناش ۋاسىتىسى رېمونتچىلىق تىجارەتچىلىرىنىڭ براك قىلىنغان قاتناش ۋاسىتىسىنى رېمونت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، زاپچاسلاردىن پايدىلىنىپ قاتناش ۋاسىتىسى قۇراشتۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

28 ـ ماددا قاتناش ۋاسىتىسى رېمونتچىلىق تىجارەتچىلىرى قاتناش ۋاسىتىلىرىنى رېمونت قىلىشتا رېمونتچىلىق تېخنىكا ئۆلچىمى، ھۈنەر ـ سەنئەت قائىدىسىگە ئەمەل قىلىشى، سۈپەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن زاپچاسلارنى ئىشلىتىشى كېرەك.

قاتناش ۋاسىتىسى زاپچاسلىرى تىجارەتچىلىرى ئىشلەنگەن جايى، تاۋار ماركىسى، لاياقەتنامىسى ئېنىق يېزىلغان زاپچاسلارنى سېتىشى، باھاسىنى يېزىپ قويۇشى، سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

29 ـ ماددا تىجارەت سالاھىيىتى يىللىق تەكشۈرۈلگەن ھەمدە چوڭ رېمونت قىلىنغان ۋە 2 ـ دەرىجىلىك ئاسراش رېمونتى پۈتكەن قاتناش ۋاسىتىلىرىنى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە قاتناش ۋاسىتىسى ئۆلچەش پونكىتىنىڭ ئۆلچىشىدىن ئۆتكۈزۈش شەرت. ئۆلچەشتىن ئۆتمىگەنلىرىنى تىجارەتكە سېلىشقا بولمايدۇ. قاتناش ۋاسىتىلىرىنى تېخنىكىلىق ئۆلچەشنى ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ساھە بويىچە باشقۇرىدۇ.

قاتناش ۋاسىتىسى ئۆلچەش پونكىتى ئۆلچەش خىزمىتىدە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تېخنىكا ئۆلچىمى ۋە قائىدىسىنى ئىجرا قىلىشى ھەمدە ئۆلچەش نەتىجىسىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

قاتناش ۋاسىتىسى ئۆلچەش پونكىتى قانۇن بويىچە چىقارغان ئۆلچەش نەتىجىسىنى بەلگىلەنگەن ئۆلچەش مۇددىتىدە قاتناش ۋاسىتىسىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆلچەش ۋە بىخەتەرلىك جەھەتتىن ئۆلچەشنىڭمۇ ئاساسى قىلىش كېرەك، ھەر قانداق تارماقنىڭ تەكرار ئۆلچىتىشنى تەلەپ قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

30 ـ ماددا قاتناش ۋاسىتىسى ئۆلچەش پونكىتى مۇستەقىل، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت ئاپپاراتى بولۇپ، مەمۇرىي ئورگاندىن ئىقتىسادىي مەنپەئەت جەھەتتە ئالاقىنى ئۈزۈشى كېرەك.

31 ـ ماددا تىجارەتلىك ترانسپورت قاتناش ۋاسىتىلىرىنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك ئاسراش رېمونتى قىلدۇرۇش لازىم.

32 ـ ماددا ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى ترانسپورت قاتناش ۋاسىتىلىرىنى رېمونت قىلغۇچى تىجارەتچىلەرنىڭ رېمونت سۈپىتىنى ۋە ئۆلچەش پونكىتلىرىنىڭ ئۆلچەش ھەرىكىتىنى ھەمدە قاتناش ۋاسىتىسى زاپچاسلىرىنى سېتىش بازىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

## 6 ـ باب يۈك يۆتكەش، قاچىلاش ـ چۈشۈرۈش ۋە ترانسپورت مۇلازىمىتى

33 ـ ماددا تىجارەتلىك يول ترانسپورتىدا يۈك يۆتكەش، قاچىلاش ـ چۈشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى تەستىقلىغان تىجارەت دائىرىسىدە مەشغۇلات قىلىشى، بىخەتەر مەشغۇلات قائىدىسىگە رىئايە قىلىشى، قاچىلاش ـ چۈشۈرۈش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يۈك يۆتكەشنى مونوپول قىلىۋېلىش، زورلۇق بىلەن قاچىلاش ـ چۈشۈرۈش ۋە قوپاللىق بىلەن قاچىلاش ـ چۈشۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ. يۈك يۆتكەش، قاچىلاش ـ چۈشۈرۈش تىجارەتچىلىرى سەۋەنلىك بىلەن يۈكنى زىيانغا ئۇچراتسا ۋە كېمەيتىپ قويسا، تۆلەپ بېرىشى كېرەك.

34 ـ ماددا ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ كۆپ خىل

مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلى بىلەن يولۇچى، يۈك ترانسپورت بېكىتى (مەيدانى) ۋە تىجارەتلىك يولۇچى، يۈك ترانسپورتىدىكى قاتناش ۋاستىسى توختىتىش مەيدانى (بېكىتى) قۇرۇشقا ئىلھام بېرىلىدۇ. يولۇچى، يۈك ترانسپورت بېكىتى (مەيدان) ۋە تىجارەتلىك يولۇچى، يۈك ترانسپورتىدىكى قاتناش ۋاستىسى توختىتىش مەيدانى (بېكىتى) نىڭ قۇرۇلۇشى شەھەرنىڭ ۋە يولۇچى، يۈك ترانسپورتى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا ئۇيغۇن بولۇشى، ئۇنىڭ تىجارەت پائالىيىتى ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتىنىڭ ساھە بويىچە باشقۇرۇشىدا بولۇشى كېرەك.

يولۇچى، يۈك ترانسپورت بېكىتى (مەيدانى) ۋە تىجارەتلىك يولۇچى، يۈك ترانسپورتىدىكى قاتناش ۋاستىسى توختىتىش مەيدانى (بېكىتى) تىجارەتچىلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىشى شەرت.

35 ـ ماددا يولۇچى، يۈك ترانسپورت بېكىتى (مەيدانى) تىجارەتچىلىرى يولۇچىلار ياكى توشۇتقۇچىلارنى بىلەت ئېلىش، ئاپتوموبىل كۈتۈش، يۈك ـ تاقلارنى توشۇشقا بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە زۆرۈر ئەسلىھە ۋە سۇپەتلىك، بىخەتەر مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىشى؛ يولۇچى، يۈك ترانسپورت تىجارەتچىلىرىگە زۆرۈر تىجارەت شارائىتى ۋە ئادىل رىقابەت مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

36 ـ ماددا يۈك ترانسپورت ۋاكالەتچىلىرى، يولۇچى ترانسپورت ۋاكالەتچىلىرى، بىرلەشمە ترانسپورت تىجارەتچىلىرى توشۇتقۇچىلار ياكى يولۇچىلار ئالدىدا توشۇغۇچى سالاھىيىتى بىلەن، ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. يۈك زىيانغا ئۇچراپ، كەم چىقىپ ھەمدە توختامغا خىلاپ باشقا ھەرىكەت كۆرۈلۈپ، زىياننى تۆلەش توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن تۆلەپ بېرىدۇ، ئاندىن ئەسلى توشۇغۇچىدىن تۆلىتىۋالىدۇ.

37 ـ ماددا ترانسپورت ئۇچۇر تىجارەتچىلىرى مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنى ئەينەن، توغرا ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك. ئۇچۇر خاتا بولۇپ، قاتناش ۋاستىسى قۇرۇق يۈرۈش، يۈك توشۇش كېچىكىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقسا، تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

38 ـ ماددا يۈك ساقلاش تىجارەتچىلىرى يۈكنىڭ خۇسۇسىيىتى، تۈرى، ساقلاش شەرتى ۋە كۆچكە ئىگە مۇددىتى بويىچە، يۈكنى تۈرگە ئايرىپ قويۇپ، بىخەتەر ساقلىشى كېرەك.

39 ـ ماددا قاتناش ۋاستىسى ئىجارىچىلىرى ئىجارىگە ئالغۇچى بىلەن ئىجارە توختامى ئىمزالىشى، تېخنىكىلىق ھالىتى ياخشى، ئۈسكۈنىلىرى تولۇق قاتناش ۋاستىسىنى ئىجارىگە بېرىشى كېرەك.

40 ـ ماددا تاۋار قاتناش ۋاستىسى يەتكۈزۈپ بېرىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار خېرىدار بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش توختامى ئىمزالاپ، ئۇنى ۋاقتىدا، ساق يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك.

41 ـ ماددا شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ماتورلۇق قاتناش ۋاستىسى شوپۇرلار مەكتىپى (كۇرسى) ئېچىشىغا ۋە شوپۇر يېتىشتۈرۈشىگە يول قويۇلىدۇ. يۇقىرىقى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىشى ھەمدە قاتناش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ ساھە بويىچە باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

ماتورلۇق قاتناش ۋاستىسى شوپۇرلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان تىجارەتچىلەر دۆلەت تۈزگەن ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا ئەمەل قىلىشى، كۆرسەتكۈچلىرى لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى، دەرسلىك ۋە زۆرۈر مەيدان، ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلىشى ھەمدە باھا تارمىقى بەلگىلىگەن ھەق ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك.

يول ترانسپورتىنى باشقۇرغۇچى تارماق ۋە كىنىشكا تارقاتقۇچى ئورگاننىڭ ھەر قانداق شەكىلدە ماتورلۇق قاتناش ۋاستىسى شوپۇرلىرىنى يېتىشتۈرۈش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

42 ـ ماددا جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش ۋاستىسى باشقۇرۇش ئورگىنى شوپۇرلاردىن ئىمتىھان ئېلىش، كىنىشكا بېرىش خىزمىتىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شوپۇر يېتىشتۈرۈش، ئىمتىھان ئېلىش ھەققىدىكى بەلگىلىمىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك.

43 ـ ماددا تىجارەتلىك يول يولۇچى ترانسپورتىدىكى قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ شوپۇرلىرى ۋە خىزمەتچىلىرى، ئاپتوموبىل رېمونت سۈپىتىنى تەكشۈرگۈچىلەر، ئاپتوموبىل رېمونتچىلىرى، خەتەرلىك بۇيۇملارنى توشۇغۇچىلار، ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەكتەپ (كۇرس) لىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، يېتەكچىلىرى قاتارلىق يول ترانسپورت كەسپكارلىرى ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى ئۇيۇشتۇرغان ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتى بويىچە تەربىيىلەشكە قاتنىشىشى، كىنىشكا بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىشى كېرەك. ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى ئىشارىتى بار ترانسپورت كارخانىسىغا ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتى بويىچە تەربىيىلەشنى ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

## 7 - باب تاشقى يول ترانسپورتى

44 - ماددا تاشقى يول ترانسپورتى جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدە، جۇڭگو - چەت ئەل ھەمكارلىقىدا ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى شېرىكسىز ھالدا يول ترانسپورت كارخانىسى قۇرۇش شۇنىڭدەك چېگرىدىن كىرىپ چىقىدىغان ئاپتوموبىللار بىلەن يولۇچى، يۈك توشۇش، پورتتا ئالمىشىدىغان ئاپتوموبىللار بىلەن يولۇچى، يۈك توشۇش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى، يۈك يۆتكەش، قاچىلاش - چۈشۈرۈش، توشۇش مۇلازىمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

45 - ماددا جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدە، جۇڭگو - چەت ئەل ھەمكارلىقىدا ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى شېرىكسىز ھالدا يول ترانسپورت كارخانىسى قۇرۇش ئىلتىماس قىلىنسا، ئاپتونوم رايونلۇق ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۇنى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە تەستىقلىتىدۇ؛ چېگرىدىن كىرىپ چىقىدىغان ئاپتوموبىللار بىلەن يولۇچى، يۈك توشۇش ئىلتىماس قىلىنسا، ئاپتونوم رايونلۇق ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىدۇ؛ پورتتا ئالمىشىدىغان ئاپتوموبىللار بىلەن يولۇچى، يۈك توشۇش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى، يۈك يۆتكەش، قاچىلاش - چۈشۈرۈش، توشۇش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىلتىماس قىلىنسا، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتىغا تەستىقلىتىدۇ.

46 - ماددا چېگرىدىن كىرىپ چىقىدىغان جۇڭگو - چەت ئەل قاتناش ۋاستىلىرى ئىككى تەرەپ ياكى كۆپ تەرەپ ئىمزالىغان ئاپتوموبىل ترانسپورت كېلىشىمىنى ئىجرا قىلىشى، چېگرىدىن كىرىپ چىقىدىغان ئاپتوموبىل ترانسپورتىنىڭ بىرلىككە كەلگەن بەلگىسىنى ئېسىشى، خەلقئارا ئاپتوموبىل ترانسپورتىنىڭ يۈرۈش ئىجازەتنامىسى ۋە چېگرىدىن كىرىپ چىقىدىغان يولۇچى، يۈك ترانسپورتىنىڭ يول يۈرۈش تالونى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تالون - كىنىشكىسىنى ئېلىپ يۈرۈشى كېرەك؛ پورتتا ئالمىشىدىغان ئاپتوموبىل بىلەن يولۇچى، يۈك توشۇش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى، يۈك يۆتكەش، قاچىلاش - چۈشۈرۈش، توشۇش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر تەستىقلانغان دائىرىدە مۇناسىۋەتلىك تالون، كىنىشكا بىلەن تىجارەت قىلىشى كېرەك.

## 8 - باب باھا، بېلەت - كىنىشكا

47 - ماددا يول ترانسپورت تىجارەتچىلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ھەق تۈرلىرىنى ئىجرا قىلىشى شەرت. يول ترانسپورتىنىڭ باھا ۋە ھەق ئۆلچەملىرى ھەققىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بولسا، شۇ بەلگىلىمە ئىجرا قىلىنىدۇ؛ دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بولمىسا، تىجارەتچىلەر ئۆز ئالدىغا باھا بېكىتىدۇ ھەمدە ئۇنى ئېلان قىلىدۇ.

تاشقى يول ترانسپورتىدا ئىككى تەرەپ، كۆپ تەرەپ ئىمزالىغان ترانسپورت كېلىشىمىدىكى باھا ۋە ھەق ئۆلچىمى ياكى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن باھا ۋە ھەق ئۆلچىمى ئىجرا قىلىنىدۇ.

48 - ماددا يول ترانسپورت تىجارەتچىلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك باج ئورگىنى باستۇرغان يول يۈك ترانسپورتى تالونى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى باستۇرغان يول ترانسپورتى كىنىشكا تاختىسى، يولۇچىلار بېلىتى، يول تالونى، توشۇش تالونى ۋە خىراجەت راسچوتى دوكۇمېنتىنى ئىشلىتىشى كېرەك. يول يۈك ترانسپورتى تالونىنى باج ئورگىنى تارقىتىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ، باشقا تالون - كىنىشكىلارنى ھەر دەرىجىلىك ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى تارقىتىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ.

ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ يول ترانسپورتى كىنىشكا - تاختىلىرىنى، بېلەت - تالونلىرىنى ئۆزگەرتىشىگە، ياسىۋېلىشىغا، ھايىنىغا سېتىشىغا ۋە قانۇنسىز باستۇرۇشىغا، باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

49 - ماددا يول ترانسپورت تىجارەتچىلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە باج ۋە يول ترانسپورت ھەققى تاپشۇرۇشى شەرت.

يول ترانسپورت ھەققىنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە يىغىش، باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش شەرت.

## 9 - باب نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش

50 - ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى يول ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ، يول ترانسپورت تىجارەتچىلىرى ۋە يولۇچىلار، يۈك ئىگىلىرى ۋە باشقا مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغدايدۇ، قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ ۋە تۈزىتىدۇ.

نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش مەزمۇنى ترانسپورت كىنىشكا - تاختىلىرى، تىجارەت دائىرىسى، تىجارەت ھەرىكىتى، توشۇش باھاسى، بىلەت - كىنىشكىلار ۋە ھەق ئاپشۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى تىجارەت سورۇنلىرىدا ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان تاشيول قاتنىشىنى تەكشۈرۈش پونكىتىدا ئېلىپ بېرىش كېرەك.

51 - ماددا ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا، بىر تۇتاش فورما كىيىشى، بىر تۇتاش بەلگە تاقىشى ھەمدە گوۋۇيۈەننىڭ قاتناش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشى كېرەك. يۇقىرىقى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنسا، يول ترانسپورت تىجارەتچىلىرى تەكشۈرۈشنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

52 - ماددا ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى پاش قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىجتىمائىي نازارەتچىلىكنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى پاش قىلىنسا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى 30 كۈن ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىشى ھەمدە پاش قىلغۇچىغا جاۋاب بېرىشى شەرت.

53 - ماددا ھەر دەرىجىلىك ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملىرى يول ترانسپورت تىجارەتچىلىرىگە تەشەببۇسكارلىق، قىزغىنلىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىشى، ئىش تۈزۈمىنى ئاشكارىلىشى، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتماسلىقى كېرەك.

## 10 - باب قانۇن جاۋابكارلىقى

54 - ماددا بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ ياكى 50 يۈەندىن يۇقىرى، 200 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىغا 200 يۈەندىن يۇقىرى، 500 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا ياكى يول ترانسپورت كىنىشكىسىنى 15 كۈنگىچە تۇتۇپ قالسا بولىدۇ:

(1) يول يولۇچى ترانسپورتى قاتناش ۋاسىتىسىنى بەلگىلەنگەن نۆۋەت قېتىمى، ۋاقتى بويىچە ماڭدۇرمىغانلار؛

(2) يول يولۇچى ترانسپورتى قاتناش ۋاسىتىسىگە نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئادەم سېلىۋالغانلار؛

(3) يولۇچى تاكسى تىجارەتچىلىرىدىن قەستەن ئايلىنىپ يۈرگەن، يولۇچىنى ئالمىغان، تاكسومېتىرنى ئىشلەتمىگەن ياكى خاتا ئىشلەتكەنلىرى؛

(4) يولۇچى، يۈك ترانسپورت تىجارەتچىلىرىدىن بەلگىلىمە بويىچە 2 - دەرىجىلىك ئاسراش رېمونتى قىلدۇرمىغانلىرى.

55 - ماددا بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارغا ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى 500 يۈەندىن يۇقىرى، 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ، قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ تىجارەت ئىجازەتنامىسىنى ۋاقىتىنچە تۇتۇپ قالسا ياكى ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى، تىجارەتنى توختىتىشقا بۇيرۇسا بولىدۇ:

(1) يول ترانسپورت تىجارەتچىلىرىدىن تىجارەت ئىجازەتنامىسىنى بەلگىلىمە بويىچە يىللىق تەكشۈرتمىگەنلىرى؛

(2) يول يولۇچى ترانسپورتى، پارچە يۈك ترانسپورتى تىجارەتچىلىرىدىن تىجارەتنى تەستىقلانغان لىنىيە بويىچە قىلمىغانلىرى؛

(3) يول يولۇچى ترانسپورتى تىجارەتچىلىرىدىن يولۇچىلارنى بەلگىلەنگەن بېكەت بويىچە توشۇمىغان، قاتناش ۋاسىتىسىنى يېرىم يولدا سەۋەبسىز ئالماشتۇرغان ياكى يولۇچىلارنى باشقىلارنىڭ توشۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن شۇنىڭدەك يولۇچىلارنى ئاپتوبۇسقا چىقىشقا زورلىغانلىرى؛

(4) ترانسپورت قاتناش ۋاسىتىسى رېمونتچىلىق تە-

جارەتچىلىرىدىن قاتناش ۋاستىسىنى زاۋۇتتىن چىقىرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مۇددەتتى تۈزۈمىنى ئىجرا قىلمىغان ياكى ئاپتوموبىلنىڭ 2 ـ دەرىجىلىك ئاسراشتىن چىققانلىق لاياقەتنامىسىنى بەلگىلىمە بويىچە تولدۇرمىغان، تارقاتمىغانلىرى؛

(5) قاتناش ۋاستىسى ئۆلچەش پونكىتلىرىدىن ئاپتوموبىلنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى ئۆلچەش تالونىنى ئەمەلىي ئۆلچەنگەن مەلۇمات بويىچە تولدۇرمىغان ياكى ئۆلچىمەيلا تولدۇرغانلىرى.

56 ـ ماددا تىجارەتچىلەردىن يول ترانسپورتىغا دائىر كىنىشكا ـ تاختا، بەلگە، بېلەت، يول تالونى، توشۇش تالونىنى ئۆزگەرتكەن، ياسىۋالغان، ھايىنىغا ساتقان ۋە قانۇنسىز ئۆتنۈپ بەرگەنلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامىغا ئاساسەن جازالايدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

57 ـ ماددا بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە 2000 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ تىجارەت ئىجازەتنامىسى بىكار قىلىنىدۇ:

(1) تىجارەت ئىجازەتنامىسى ئالماي ياكى تىجارەت ئىجازەتنامىسىدە بېكىتىلگەن تىجارەت دائىرىسىدىن ھالقىپ يول ترانسپورت تىجارىتى قىلغانلار؛

(2) رېمونتچىلىق تىجارەتچىلىرىدىن بىراك قىلىنغان قاتناش ۋاستىسىنى رېمونت قىلغان، ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرغان ياكى زاپچاسلاردىن پايدىلىنىپ قاتناش ۋاستىسىنى قۇراشتۇرغانلىرى؛

(3) شوپۇرلارنى ئوقۇتۇش پىلانى ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىسى بويىچە يېتىشتۈرمىگەن، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى كەلسە ـ كەلمەس تارقاتقانلار؛

(4) چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى ترانسپورت ۋاستىلىرىدىن ئىككى تەرەپ، كۆپ تەرەپ ئىمزالىغان ئاپتوموبىل ترانسپورتى كېلىشىمى ۋە ئالاقىدار ترانسپورت كېلىشىملىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىرى؛

(5) خەتەرلىك يۈك توشۇش شارائىتى بولمىغان قاتناش ۋاستىسىنى ئىشلىتىپ، خەتەرلىك يۈك توشۇغانلار.

58 ـ ماددا يول ترانسپورت ھەققىنى قەرەلىدە تاپشۇرمىغانلاردىن تاپشۇرۇلىدىغان ھەققىنىڭ 5‰ ى بويىچە كۈنىگە كېچىكتۈرگەنلىك پۇلى ئېلىنىدۇ.

59 ـ ماددا ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش داۋامىدا، يول ترانسپورت ئىجازەتنامىسى يوق تۇرۇپ تىجارەتلىك يول ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىش، توشۇشقا چەك قويۇلغان ماددىي ئەشيا، تاشقى ترانسپورت ماددىي ئەشياسى ۋە خەتەرلىك قىلمىشنى كىنىشكىسىز توشۇش، تەكشۈرۈشكە قارشىلىق قىلىش، جازا قارارىنى ئىجرا قىلماسلىق قىلمىشىنى سادىر قىلغانلارغا يول يۈرۈش كىنىشكىسى ياكى قاتناش ۋاستىسىنى ۋاقىتلىق تۇتۇپ قېلىش مەمۇرىي تەدبىرىنى قوللانسا بولىدۇ.

ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى يول يۈرۈش كىنىشكىسى ۋاقىتلىق تۇتۇپ قېلىنغانلارغا ئاپتونوم رايوننىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش ئورگىنى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بىرلىشىپ تەييارلىغان ۋاقىتلىق تۇتۇپ قېلىش ئىسپاتى بېرىدۇ.

ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى ۋاقىتلىق تۇتۇپ قالغان يول يۈرۈش كىنىشكىسى ياكى قاتناش ۋاستىسىنى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە تىزىملىتىشى كېرەك.

60 ـ ماددا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان قاتناش ۋاستىسى ئىگىسى كىنىشكىسى ياكى قاتناش ۋاستىسى تۇتۇپ قېلىنغان كۈندىن باشلاپ بىر ئاي ئىچىدە ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتىغا بېرىپ بىر تەرەپ قىلىشنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. قاتناش ۋاستىسى ئىگىسى بىر تەرەپ قىلىشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى كىنىشكا، قاتناش ۋاستىسى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بۇيۇملارنى ئۈچ كۈن ئىچىدە قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك.

ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتى تۇتۇپ قېلىنغان قاتناش ۋاستىسىنى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئوبدان ساقلىشى كېرەك. تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان ئەھۋالنى ھېسابقا

ئالمىغاندا، قاتناش ۋاستىسى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بۇيۇملار يوقاپ كەتسە، بۇزۇلسا، تۆلەپ بېرىشى كېرەك.

61 ـ ماددا ئالاقىدارلار مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى دەۋا قىلسا بولىدۇ. سۈرۈك توشقىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا، دەۋا قىلمىسا، جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىسا، جازا قارارىنى چىقارغان ئورگان خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

62 ـ ماددا ترانسپورت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ خادىملىرىدىن بۇ نىزامغا خىلاپ تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىغا ئۆز ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ زىيان پەيدا قىلغانلىرى تۆلەم تۆلەيدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ:

(1) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلانغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلار؛

(2) ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتقان، پارا سورىغان، پارا ئالغانلار؛

(3) خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان، ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلار؛

(4) قانۇنسىز ھالدا تەكشۈرۈش پونكىتى قۇرغان، قاتناش ۋاستىسىنى توسقانلار؛

(5) بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ھەق ئالغان، جەرىمانە قويغانلار؛

(6) بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، كىنىشكا، تاختىلارنى كەلسە ـ كەلمەس تارقاتقانلار؛

(7) ئاپتوموبىلنى، كىنىشكىنى قانۇنسىز تۇتۇپ قالغانلار؛

(8) يول ترانسپورت تىجارەتچىلىرىنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى ۋە مال- مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى- تەرۇز قىلغانلار.

## 11 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

63 ـ ماددا بۇ نىزامدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىبارىلەرنىڭ مەنىسى:

(1) تىجارەتلىك يول ترانسپورتى: جەمئىيەتكە ئەمگەك مۇلازىمىتى قىلىپ، تۈرلۈك خىراجەت راسچوتىنى شەكىللەندۈرىدىغان يول ترانسپورتىنى كۆرسىتىدۇ.

(2) ترانسپورت قاتناش ۋاستىلىرى: تىجارەتلىك يول ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپتوموبىل، تراكتور، موتسىكلىت ۋە باشقا ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

(3) قاتناش ۋاستىسى رېمونتچىلىقى: يول ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپتوموبىل، موتسىكلىت ۋە باشقا ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنى ئاسراش، رېمونت قىلىش، تېپىنى ئۆزگەرتىش، بېزەش ۋە ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى ئۆلچەش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

(4) يۈك يۆتكەش، قاچىلاش ـ چۈشۈرۈش: بېكەت ـ ستانسا، ئايرودروم، زاۋۇت ـ كان، ئىسكىلات، يۈك مەيدانى قاتارلىق يۈك يىغىلىدىغان جايلاردا تىجارەتلىك يۆتكەش، قاچىلاش ـ چۈشۈرۈش مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

(5) ترانسپورت مۇلازىمىتى: يول ترانسپورتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان يولۇچى، يۈك توشۇش بېكەت ـ مەيدانلىرى (مەركەزلىرى)، يولۇچى، يۈك توشۇش ۋاكالەتچىلىكى، يۈك تەقسىملەش، ترانزىت قىلىش، بىرلىشىپ توشۇش، يولۇچى، يۈك ترانسپورت ئۇچۇرىنى يەتكۈزۈش، يۈك ساقلاش، رەتلەش، ئوراش ـ قاچىلاش، قاتناش ۋاستىسىنى ئىجارىگە بېرىش، قاتناش ۋاستىلىرىنى توختىتىش، تاۋار قاتناش ۋاستىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىسى شوپۇرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، كەسپكارلارنى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش قاتارلىق تىجارەتلىك پائالىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

64 ـ ماددا شەھەر كوچا ئاپتوبۇسلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قاتناش تارمىقى باشقۇرمايدۇ دەپ بەلگىلىگەن تاكسىلارنى باشقۇرۇشتا بۇ نىزام تەتبىقلانمايدۇ.

قاتناش تارمىقى باشقۇرمايدىغان تاكسىلار شەھەردىن چىقىپ يولدا قاتنىسا، قاتناش تارمىقىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. كونكرېت باشقۇرۇش چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئايرىم تۈزۈپ چىقىدۇ.

65 ـ ماددا بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

(بىشى ئۆتكەن سانلاردا)

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپىسى توغرىسىدا

21. شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولامدۇ؟

سوئال: دۆلەت يىلى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۆتەشكە تەكلىپ بەرسە ۋە شۇنداق قىلسا بولامدۇ؟ (شەندۈڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1988 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى).

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 36 ـ ماددىسى (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 41 ـ ماددىسى) دا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا، سوت ئورگانلىرىدا ۋە تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىمىگىنى ياخشى (1998 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى).

22. ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى بىلەن مەخسۇس كومىتېت ئەزالىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولامدۇ؟

سوئال: ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىمىزدە قانۇنچىلىق مەسلىھەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر ئەزاسى بىلەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ بىر ئەزاسىنى مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلماقچى، شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ (شەنشى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1990 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى).

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 36 ـ ماددىسى (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 41 ـ ماددىسىدا)، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا، سوت ئورگانلىرىدا ۋە تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش گۇرۇپپىسى ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇنچىلىقتىن مەسلىھەت بېرىش گۇرۇپپىسىنىڭ خاراكتېرىدىن ئويلاشقاندا، مەخسۇس كومىتېت ئەزالىرىنىڭمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىنى قوشۇمچە ئۆتىمىگىنى ياخشى (1990 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى).

23. ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت بەلگىلەش - مەسلىھەت بېرىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولامدۇ؟

سوئال: ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە سىياسەت بەلگىلەش - مەسلىھەت بېرىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ (ھۆكۈمەت تەۋەلىكىدىكى مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتى)، ئۇنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنى تەڭشىگەندە، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۈچ نەپەر ئەزاسىنى ھەيئەت ئەزالىقىغا كىرگۈزۈش تەلەپ قىلىندى. بىزنىڭچە، يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 36- ماددىسى (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 41 - ماددىسى) دا، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا، سوت ئورگانلىرىدا ۋە تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، مەسلىھەت بېرىش كومىتېتىدىن ئىبارەت بۇ خىلدىكى ئاپپاراتلار ھەققىدە قانۇندا بەلگىلىمە يوق. ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت بەلگىلەش - مەسلىھەت بېرىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولامدۇ؟ (1989 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى).

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 36 - ماددىسى (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 41 - ماددىسى) 3 - تارمىقىدا: «دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا، سوت ئورگانلىرىدا ۋە تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سىياسەت بەلگىلەش - مەسلىھەت بېرىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى مەمۇرىي ئورگاننىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، شۇڭا، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىمىگىنى ياخشى (1989 - يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى).

24. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى ھۆكۈمەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولامدۇ؟

سوئال: شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى شەھەرلىك ھۆكۈمەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولامدۇ؟ (بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1984 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى).

جاۋاب: شەھەرلىك ھۆكۈمەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 26 - ماددا (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 41 - ماددىسى) دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، شەھەرلىك، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىسە بولمايدۇ (1984 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى).

25. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزاسى ئۆلكىلىك باھا ئىدارىسىنىڭ ئالاھىدە باھا تەكشۈرگۈچىسى بولسا بولامدۇ؟

سوئال: ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى گوۋۇيۈەن باھا ئىدارىسى باھا تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆلكىمىزنىڭ باھا تەكشۈرۈش ئالاھىدە ۋەزىپىسىنى ئۆتىسە بولامدۇ؟ (جىياڭشى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1989 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى).

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 36 - ماددا (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 41 - ماددىسى) دا، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلەت باھا ئىدارىسى باھا تەكشۈرۈش ئىشخانىسى تەكلىپ قىلغان ئالاھىدە باھا تەكشۈرگۈچى خىزمەتتە مەمۇرىي ئورگان رەھبەرلىكىدە ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىدا بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇنىڭغا نازارەتچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ، شۇڭا، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر بۇ خىزمەتنى تەكلىپ بىلەن ئۆتىمىگىنى ياخشى (1989 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى).

26. ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ئۆلكىلىك سۇ نازارىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى بولسا بولامدۇ؟

سوئال: ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي

كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر گوۋۇيۈەنىنىڭ سەنشى ئېنېرگىيە بازىسى پىلانلاش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە ئۆلكىلىك سۇ نازارىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى بولسا بولامدۇ؟ (سەنشى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1984 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى).

جاۋاب: ئۆلكىلىك سۇ نازارىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنىغا تەۋە ۋەزىپە، يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 26 ـ ماددا (هازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 41 ـ ماددىسى) 3 ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار ئۆلكىلىك سۇ نازارىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى بولسا بولمايدۇ، بولۇشقا توغرا كەلسە دائىمىي كومىتېتتىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشى شەرت. سەنشى ئېنېرگىيە بازىسى پىلانلاش ئىشخانىسى مەمۇرىي ئورگانمۇ ئەمەس، گوۋۇيۈەندىن يوليورۇق سوراپ كۆرۈلسە. ئەگەر مەمۇرىي ئورگان بولسا، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىسە بولمايدۇ (1984 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى).

27. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باش ئىنژېنېرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولامدۇ؟

سوئال: ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى قۇرۇلۇش، پىلانلاش ئىدارىلىرىنىڭ باش ئىنژېنېرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولامدۇ؟ (خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1983 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى).

جاۋاب: ئەمگەك كادىرلار مىنىستىرلىكى، دۆلەت ئىقتىسادىي كومىتېتى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىقتىسادىي كومىتېتى بىلەن ئالاقىلەشتۇق، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە مىنىستىرلىك، ئىدارىلەرنىڭ باش، مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرلىرى دېگەندەك ئوخشاش بولمىغان تېخنىكا ئۇنۋانلىرى دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنىدىكى ۋەزىپىگە كىرىدىكەن. شۇڭا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بىرلا ۋاقىتتا يۇقىرىقى ۋەزىپىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولمايدۇ (مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى 1983 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى).

28. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى ياشانغانلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولامدۇ؟

سوئال: ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ياشانغانلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولامدۇ؟ (خېبېي ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (1985 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى).

جاۋاب: ياشانغانلار كومىتېتى بىر ئىجتىمائىي تەشكىلات (گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى 1983 ـ يىل تارقاتقان جۇڭگو ياشانغانلار مەسلىسى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ئېلىمىزنىڭ ياشانغانلار خىزمىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا سورىغان يوليورۇقىغا «جۇڭگو ياشانغانلار مەسلىسى مەملىكەتلىك كومىتېتى ...... ئىجتىمائىي تەشكىلات» دەپ جاۋاب بەرگەن) شۇڭا ئۇ ھۆكۈمەت ئاپپاراتى ئەمەس. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر بۇ كومىتېتتا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىسە بولىدۇ (1985 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى).

29. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر «يەرلىك تەزكىرە كومىتېتى» دا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىسە بولامدۇ؟

سوئال: خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر «يەرلىك تەزكىرە كومىتېتى» دا قوشۇمچە ۋەپە ئۆتىسە بولامدۇ؟ (ئەنخۇي ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1985 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى).

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 26 ـ ماددا (هازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 41 ـ ماددىسى)، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. سىلەر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر «يەرلىك تەزكىرە كومىتېتى» دا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىسە بولامدۇ دەپ سوراپسىلەر، بۇ كومىتېتنىڭ مەمۇرىي ئورگان ياكى ئەمەسلىكىگە باغلىق. ئەگەر مەمۇرىي ئورگان بولمىسا، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىسە بولىدۇ (1985 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى).

30. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ناھىيىلىك تەمىنات

سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولامدۇ؟

سوئال: ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ناھىيىلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىسە بولامدۇ؟ (خېتەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1992 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى)

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 36 ـ ماددا (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 41 ـ ماددا 3 ـ تارمىقى) دا: «دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا، سوت ئورگانلىرىدا ۋە تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكى كېرەك»، دەپ بەلگىلەنگەن. ناھىيىلىك سودا تەمىنات كوپېراتىپى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى ئەمەس، ئەمما ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ناھىيىلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىمىگىنى ياخشى (1992 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى).

31. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ھۆكۈمەتنىڭ پارتىيە ئىچىدە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىسە بولامدۇ؟

سوئال: خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىكى پارتىيە ئىچىدە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىسە بولامدۇ؟ (گۇاڭشى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1986 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى).

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 26 ـ ماددا (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 41 ـ ماددىسى) دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا، سوت ئورگانلىرىدا ۋە تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكى كېرەك. ئۇ مۇشۇ ئورگانلاردىكى بارلىق كادىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شتاتى مۇشۇ ئورگانلارغا تەۋە بولغان، مۇشۇ ئورۇنلاردىن ئىش ھەققى ئالىدىغان ھەمدە مۇئەييەن خىزمەتنى ئۈستىگە ئالغان كادىرلار خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدە بىردەك قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىسە بولمايدۇ (1986 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى)

32. ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىرى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىسە بولامدۇ؟

سوئال: ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىرى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىسە بولامدۇ؟ (جياڭشى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1989 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى).

جاۋاب: ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنىنىڭ 10 ـ ماددىسىدا: «ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، شەھەر، شەھەرگە قاراشلىق رايوندىكى خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ھەر قايسى ھەربىي خىزمەت ئورگانلىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئورگانلار ۋە شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆز رايونى تەۋەسىدىكى ھەربىي خىزمەتنى مەسئۇللۇق بىلەن بېجىرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ (1986) 5 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت يەنى «ناھىيە (شەھەرلىك) خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى يەرلىك شتاتقا ئۆزگەرتىشكە دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» دە: «ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى شۇ رايوندىكى ھەربىي ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان قوماندانلىق ئورگىنى، ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك پارتكوملارنىڭ ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى، شۇنداقلا شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھەربىي خىزمەت ئورگىنى بولۇپ، ئاپپاراتى ئايرىم تەسىس قىلىنىپ، ناھىيە (شەھەر، رايون) لىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئىشلار ئورگىنىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. يۇقىرىقى بەلگىلىمە ھەمدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمىدىن ئېلىنغان پىكىرلەرگە ئاساسلانغاندا، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى بىرلا ۋاقىتتا يەنە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي خىزمەت ئورگىنى، ئۇنىڭ رەھبىرى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىسە بولمايدۇ (1990 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى).

33. تاموژنا باشلىقى قوشۇمچە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولسا بولامدۇ؟

سوئال: تاموژنا باشلىقى قوشۇمچە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولسا بولامدۇ؟ (ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1990 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى).

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 36 ـ ماددىسى (هازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 41 ـ ماددىسى) دا: «دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا، سوت ئورگانلىرىدا ۋە تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. يۇقىرىقى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، تاموژنا باشلىقى قوشۇمچە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولسا بولمايدۇ (1991 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى).

34. قوراللىق ساقچى باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولسا بولامدۇ؟

سوئال: قوراللىق ساقچى باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولسا بولامدۇ؟ (گۈيجۇ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1992 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى).

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 36 ـ ماددا (هازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 41 ـ ماددا) 3 ـ تارمىقىدا: «دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا، سوت ئورگانلىرىدا ۋە تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. قوراللىق ساقچىلار جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ تەركىبىي قىسمى، قوراللىق ساقچى باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولسا بولمايدۇ. (1992 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى).

35. جۇڭگو خەلق بانكىسى شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولسا بولامدۇ؟

سوئال: ئۆلكىمىزنىڭ بانكا سىستېمىسى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار ئىچىدە بانكا سىستېمىسىدىكىلەر كەمچىل بولغاچقا بانكا سىستېمىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى. شۇڭا، ئۆلكىلىك تەشكىلات تارماقلىرى جۇڭگو خەلق بانكىسى گەنسۇ ئۆلكىلىك تارماق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنى قوشۇمچە ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا قويماقچى بولغانىدى. ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى بىر نەچچە رەھبىرىي يولداش بۇنى، بانكا سىستېمىسىدىكى مەسئۇل خادىملارنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىشى مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ ھېسابلىدى، بۇ مۇۋاپىقمۇ ـ يوق؟ (گەنسۇ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1989 ـ يىل 12 ـ 2 ـ كۈنى)

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 36 ـ ماددا (هازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 41 ـ ماددىسى) دا: «دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا، سوت ئورگانلىرىدا ۋە تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. بانكا باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگو خەلق بانكىسى «گوۋۇيۈەننىڭ مەملىكەت بويىچە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان دۆلەت ئورگىنى، دۆلەتنىڭ مەركىزىي بانكىسى»؛ ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك تارماق بانكىلار «مەركىزىي بانكىنىڭ ئالاقىدار خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى يۈرگۈزىدۇ». كادىرلار مىنىستىرلىكى تارماق بانكىلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مەمۇرىي خادىمغا كىرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تارماق بانكا باشلىقى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا قوشۇمچە ئەزا بولسا بولمايدۇ (1989 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى).

36. ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قوشۇمچە جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك تارمىقىنىڭ باشلىقى بولسا بولامدۇ؟

سوئال: ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك تارمىقىنىڭ باشلىقى بولسا بولامدۇ؟ (جېجياڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1992 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى).

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 36 ـ ماددا (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 41 ـ ماددا) 3 ـ تارمىقىدا: «دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا، سوت ئورگانلىرىدا ۋە تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. جۇڭگو بانكىسى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى ئەمەس، ئەمما جۇڭگو بانكىسى سىياسەت خاراكتېرلىك تىجارەت فۇنكسىيىسىنى زىممىسىگە ئالغان، شۇڭا، ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قوشۇمچە جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك تارمىقىنىڭ باشلىقى بولمىغىنى ياخشى (1992 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى).

**37. شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولسا بولامدۇ؟**

**سوئال: شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولسا بولامدۇ؟ (خېبېي ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1993 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى).**

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 36 ـ ماددا (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 41 ـ ماددا) 3 ـ تارمىقىدا: «دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا، سوت ئورگانلىرىدا ۋە تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. يېزا ئىگىلىك بانكىسى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى ئەمەس، يېزا ئىگىلىك بانكىسى باشلىقىنىڭ قوشۇمچە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا قانۇندا بەلگىلىمە يوق، بۇنى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى بېكىتسە بولىدۇ (1993 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى).

**38. ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولسا بولامدۇ؟**

**سوئال: ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولسا بولامدۇ؟ (يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1993 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى).**

جاۋاب: پوچتا قانۇنى نىزاملىرىدا: «پوچتا كارخانىلىرى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش ئۆلچىمى گوۋۇيۈەننىڭ پوچتا ئاساسىي باشقۇرغۇچى تارماقلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. پوچتا ـ تېلېگراف مىنىستىرلىكى: ھەر قايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پوچتا ـ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىلىرى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدۇر، ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىلىرى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار بولۇپ، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى ھېسابلانمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولسا بولىدۇ (1993 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى).

**39. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر قوشۇمچە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولسا بولامدۇ؟**

**سوئال: گۇيجۇ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان، ئۇ سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلامدۇ؟ (گۇيجۇ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1988 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى).**

جاۋاب: يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 36 ـ ماددا (ھازىرقى يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 41 ـ ماددىسى) دا، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا، سوت ئورگانلىرىدا ۋە تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىمەسلىكى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى سوت ئورگىنىدىكى ۋەزىپىگە كىرىدۇ، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولسا بولمايدۇ. (1988 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى).

**40. ئادۋوكاتلار قوشۇمچە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولسا بولامدۇ؟**

**سوئال: شەھىرىمىزدە غەربىي شەھەر رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى كېيىنكى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا دائىمىي كومىتېتقا بىر ئادۋوكات قاتناشتۇرماقچى، شۇنداق قىلسا بولامدۇ؟ (بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1987 ـ يىل**

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى).

جاۋاب: بۇ مەسىلە ئىلگىرى مۇھاكىمە قىلىنغان، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭمۇ بۇ ھەقتە تەستىقى بار، ئادۋوكات خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولۇپ سايلانسا بولىدۇ، ئەمما خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى مەزگىلدە، ئادۋوكاتلىق ۋەزىپىسىنى قايتا ئۆتىمەي ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىنى ساقلاپ قالسا بولىدۇ. (1987 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى).

**41. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى قوشۇمچە ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىگە باشلىق بولسا بولامدۇ؟**

سوئال: ئۆلكىلىك ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى يېقىندا ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى بىلەن قانۇنچىلىق كومىتېت ئەزالىرى ئادۋوكات ياكى قوشۇمچە ئادۋوكات بولسا ۋە ياكى ئادۋوكاتلىق قىلسا بولمايدۇ. ئەمما، ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىدە ئادۋوكاتلىق ۋەزىپە ئۆتىسە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە يوق. بۇ جەمئىيەت باشلىقى دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشى كېرەكمۇ - يوق؟ جاۋاب بېرىلسە. (جياڭشى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1988 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى).

جاۋاب: «جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى نىزامنامىسى» نىڭ 2 - ماددىسىدا، ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى ئاممىۋى ئىجتىمائىي تەشكىلات، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا، ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزالىقىغا سايلانسا بولىدۇ. ئادۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا ئەزا بولغان مەزگىلدە، ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىنى ساقلاپ قالسا بولىدۇ، ئەمما ئادۋوكاتلىق قىلىشىغا بولمايدۇ. (1988 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)

**42. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ئادۋوكاتلىق قىلسا بولامدۇ؟**

سوئال: يېقىندا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىدا بەزى مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ئادۋوكاتلار خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەزا بولۇپ سايلاندى، يەنە ھازىرقى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بەزى ئەزالىرى ئىلگىرىكى ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن، ھازىر ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرىدىن ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىنى تەلەپ قىلماقتا. يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەھۋالغا قارىتا، مىنىستىرلىكىمىزنىڭ پىكرى مۇنداق:

1. بۇندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرگە ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ئادۋوكاتلىق قىلىشنى بىردەك تەستىقلىمايدۇ؛

2. ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ئادۋوكاتلار خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان بولسا، سايلانغان كۈندىن باشلاپ ئادۋوكاتلىق قىلىشنى بىردەك توختىتىپ، ئادۋوكاتلىق خىزمەت كىنىشكىسىنى تاپشۇرۇشى كېرەك، ئەمما ئۇلار ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىنى ساقلاپ قالسا بولىۋېرىدۇ؛

3. ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى ئادۋوكاتخانىلار، دۆلەتتىن مۇقىم ئىش ھەققى ئالمايدىغان ئايرىم مەخسۇس ئادۋوكاتلار خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانسا، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنىڭ كېلىش مەنبەئى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئۆتكۈنچى ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنىڭ شۇ نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقانغا قەدەر، ئادۋوكاتلىق قىلىشىغا يول قويۇلىدۇ. كېيىنكى نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىن باشلاپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان 1 -، 2 - تۈردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بېجىرىلىدۇ. يۇقىرىقى پىكرىمىز مۇۋاپىقمۇ - يوق؟ (ئەدلىيە مىنىستىرلىكى 1988 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى).

جاۋاب: ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ 1 -، 2 - تۈردىكى پىكرىگە قوشۇلىمىز. 3 - تۈردە ئېيتىلغان ئەھۋالنى ئوخشاشلا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئادۋوكاتلىق قىلىشىغا بولماسلىق پرىنسىپى بويىچە (ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىنى ساقلاپ قالسا بولىدۇ) بىر ياقلىق قىلىش كېرەك، ئىش ھەققى تەمىناتى مەسىلىسى ئايرىم مۇزاكىرە قىلىنىپ ھەل قىلىنسا بولىدۇ (1988 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى).

(داۋامى بار)

## «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى بىر ياخشى مەكتەپ

※ ئىدرىس قادىر ※

ھەر قايسى كەسپىي ساھە ۋە تەشكىلاتلارنىڭ خادىملىرىنى تەربىيىلەيدىغان مەخسۇس مەكتەپ بار. بىراق، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خادىملار ھەمدە ۋەكىللەرنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ تېخى ھازىرغىچە بارلىققا كەلمىدى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خادىملار دۆلەتنىڭ باشقا مەمۇرىي، كەسپىي ئورگانلىرىدىن سايلام ئارقىلىق ياكى ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق يۆتكەپ كېلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرىكى ئورۇنلىرىدا تىرىشچان، ئىقتىدارلىق، كەسىپكە پىششىق، خىزمەتتە ئاكتىپ، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك مۇنەۋۋەر خادىملاردىن بولسىمۇ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئالماشقاندىن كېيىن، خىزمەتنى قەيەردىن باشلاش، قايسى خىزمەتنى قانداق ئىشلەشنى دېگەندەك ئۇقالماي، خىزمەتتە پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن خالىي بولالماي كېلىۋاتىدۇ.

ئۆزۈم توغرۇلۇق ئېيتسام، 1984 - يىلى 10 - ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن مائارىپ سېپىدىن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىغا يۆتكەپ كېلىنىپ بىر مەزگىل كاتىپلىق قىلدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن، ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئىشلەش جەريانىدا خىزمەتنى قانداق باشلاش ۋە قانداق ئىشلەشنى بىلەلمەي گاڭگىراش ۋە ئىزدىنىش ئىچىدە ئۆتتۈم، تېخى ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنۇمغا قايتىپ كېتىش خىيالىدىمۇ بولدۇم. شۇنداق يۈرگەن كۈنلىرىمدە سىناق تەرىقىسىدە نەشر قىلىنىپ ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى بىلەن ئۇچراشتىم. شۇ چاغدا مېنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يول تېپىپ ئىشلەشكە بولغان ئىشەنچەم تۇرغۇزۇلۇپ، ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىم چاقناشقا باشلىدى. مەن بۇ ژۇرنالغا تەشنا كۆزلىرىم بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ، ھەر بىر سانى يېتىپ كەلگەن ھامان ئالدىراش ئىشلىرىم بولسىمۇ تاشلاپ

قويۇپ، ژۇرنالنىڭ بارلىق ماقالىلىرىنى باشتىن ئاخىر ئەستايىدىل ئوقۇپ، يېتەكچى خاراكتېرلىك ۋە قايىل قىلىش، تەربىيىلەش رولىغا ئىگە بولغان مۇھىم قۇر ۋە ئابزاس، بەتلەرگە بەلگە قويۇۋالدىم ياكى ئۇلارنى خاتىرە دەپتىرىمگە كۆچۈرۈۋالدىم. يىل ئاخىرىدا توپلام قىلىپ ساقلاپ ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندىم. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرى كۆپىيىپ، سۈپىتى ئۆستۈرۈلۈپ، ماقالىلىرى سەرخىللىشىپ ئوقۇشچانلىقى ئاشۇرۇلدى. بولۇپمۇ 1995 - يىلى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئاشكارا تارقىتىلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ «تىلى» شۇنداقلا مەملىكەت ئىچىدە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان بىردىنبىر خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن «توغرا جامائەت پىكرى» ئارقىلىق سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى بىلەن ئاممىنى، ۋەكىللەرنى باغلاپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك ۋە ۋاسىتىگە ئايلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تۈرتكىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە ھەمدە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىدا ئىشلەۋاتقان خادىملار، ۋەكىللەر، ئاممىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئە-

دىيىسى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ سوتسيالىستىك دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇھىم كۆرسەتمىسى، ئاساسىي قانۇن ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان تۈرلۈك قانۇن، نىزاملار، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بويىچە سىستېمىلىق، ئەتراپلىق، چوڭقۇر ۋە مۇكەممەل بىلىملەر بىلەن تەربىيىلەيدىغان بىر ياخشى مەكتەپ بولۇپ كەلمەكتە.

مەن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىدىن ئىبارەت بۇ ئۇنىۋېرسال مەكتەپنىڭ بىلىمگە تەشنا تىرىشچان ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى ئىكەنلىكىنى، ئېلىمىز خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆز ۋەكىللىرىنى سايلاپ، خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشكىللەپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئارقىلىق دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئورنىنى كاپالەتلەندۈرىدىغانلىقىنى، سوتسيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ساقلاپ، سوتسيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئۈنۈملۈك راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر خىل بوران ـ چاپقۇن ۋە خېيىم ـ خەتەرگە بەرداشلىق بېرىپ، يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرۇپ، سوتسيالىستىك يېڭى ھاكىمىيىتىمىزنىڭ مەڭگۈ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قولىدا بولۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم ۋە بۇ ئۇلۇغ، شەرەپلىك خىزمەتكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، كەسپىي خىزمىتىمنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقىم بىلەن ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپەمنى قوشۇش ئىرادىسىگە كەلدىم. بولۇپمۇ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئامما بىلەن ئالاقىلىشىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە رىشتە ھېسابلىنىدىغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خىزمىتى قانچىكى جانلىق، ئەتراپلىق، ئەستايىدىل ۋە ياخشى ئىشلەنسە، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رولى شۇنچە ياخشى جارى بولۇپ، ھاياتىي كۈچى جانلىنىپ، نوپۇزى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم ۋە ناھىيىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ ئىشنى ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن باشلىدىم.

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىدىن ئىبارەت بۇ مەكتەپتىن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە دائىر ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئېلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى سېپىدە تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەيدىغان ۋەكىللەر ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايدىغان ۋە كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ ئاممىغا ئۈلگە بولىدىغان، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ھەر مىللەت كەڭ ئامما خەلق قۇرۇلتىيىغا ھۆرمەت قىلىدىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە. جۈملىدىن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىلغار خىزمەت تەجرىبىلىرى خىزمەتلىرىمىزدە ئۈلگە ۋە يېتەكچى قىلىنغاچقا، ناھىيىمىزدىكى 20 يېزا ـ بازار ۋە ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىمۇ بىر خىل يېڭىلىنىش، جانلىنىش ياخشى ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى ۋە كەلمەكتە.



# دېھقانلارنىڭ سېلىقىنىڭ ئېغىر بولۇش مەسىلىسىنى قانۇن بويىچە مەركەزلىك تۈزەشتە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆز رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك

※ سىراجىدىن ئىسمايىل ※

باش شۇجى جياڭ زېمىن: «پارتىيىنىڭ يې-
زىلارغا قارىتىلغان سىياسەتلىرىنى مۇقىملاشتۇ-
رۇش، بولۇپمۇ يەر ھۆددىگەرلىكى سىياسىتى،
دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش سىياسىتى ۋە
ئاشلىق سېتىۋېلىش سىياسىتىنى يەنىمۇ مۇقىملاش-
تۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاچقۇچ. بۇ سىيا-
سەتلەرنى مەركەز ئېنىق بەلگىلىدى، ئۇنى كەم -
كۈتىسىز دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم،
شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ» («مەركەز يېزا
خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز» 1998 - يىل
1 - يانۋار)، «دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - ئى-
گىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھو-
قۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، دېھقانلارنىڭ قانۇني ھو-
قۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، دېھقانلارنىڭ سېلى-
قىنى ھەقىقىي يەڭگىللىتىش، كەڭ دېھقانلارنى
پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان تۈرلۈك سىياسەت
ۋە خىزمىتىدىن مەنپەئەتلەندۈرۈش كېرەك» («ج
ك پ مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن
دوكلات») دەپ كۆرسەتتى. دېھقانلارنىڭ سېلىقى-
نى يەڭگىللىتىش يېزىلارنىڭ مۇقىملىقى، جەمئى-
يەتنىڭ تىنچ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بىر تۈرلۈك
مۇھىم خىزمەت. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتى-
يى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى دۆلەت ۋە
يەرلىكتىكى ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇش
سۈپىتى بىلەن دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللە-
تىش خىزمىتى داۋامىدا ئۆزىنىڭ مۇھىم خىزمەت
فۇنكسىيىسىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش مەسىلى-
سى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان بىر تۈرلۈك تەت-
قىقات تېمىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە
قانۇنلاردا ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئور-
گانلىرىنىڭ دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە پۇقرالارنىڭ
قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشتىن ئىبا-
رەت زور مەسىلىلەردە تەدبىر بەلگىلەش ۋە قارار
قىلىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى، خەلق ئاممىسىنىڭ
جانجان مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان، ئومۇم-
يۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان، شۇنداقلا ھەل قىلىش-
نى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقان زور مەسىلىلەردە
نازارەت قىلىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى بەلگىلەن-
گەن. دېھقانلارنىڭ سېلىقى مەسىلىسىنى ئالساق،
بۇ، يېزىلارنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىم-
لىقىغا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى گەۋدىلىك مەسىلە
بولۇپ قالماي، بەلكى خەلق ئاممىسى كۆز تىكىۋات-
قان ۋە ھەل قىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقان
مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

مەركەزنىڭ بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا تارقاتقان
«دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنى
ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا قارار»
ىدا «خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ
نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش»، «يې-
زا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى، كوللېكتىپ
ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار نازا-
رەت قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم» لىقى تەكىتلەن-
گەن. بۇ، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇ-
رۇلتايلىرىغا دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش
خىزمىتىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش توغرى-
لىق ئوتتۇرىغا قويغان تەلىپىنى كۆرسىتىدۇ. نۆ-
ۋەتتە دېھقانلارنىڭ سېلىقى ئېغىر بولۇش مەسىلى-
سى تېخى تۈپتىن ھەل بولغىنى يوق. بەزى جايلار
ئومۇمىيلىقتا ئەھمىيەت بەرمەي ئۆز ئورنى، ئۆز
تارمىقىنىڭ مەنپەئەتى ۋە مەسئۇل كىشىلەرنىڭ

تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەدەپ دېھقانلارغا قول سوزماقتا. بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى شەكىللۋازلىق قىلىشقا بېرىلىپ، ساختىپەزلىك قىلىپ، ئالدامچىلىق بىلەن شان - شەرەپكە ئېرىشمەكتە، ھەتتا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قول يېزا پارتكوم شۇجىلىرى ۋە يېزا باشلىقلىرى ئىمپورت قىلىنغان ياكى دۆلىتىمىزدە قۇراشتۇرۇلغان ھەشەمەتلىك ماشىنىلارنى يېزا ئىقتىسادىي مالىيىسىدىن چىقىم قىلىپ سېتىۋېلىپ، كوزىر كۆرسىتىپ يۈرۈۋاتىدۇ. بۇلار دېھقانلارنىڭ سېلىقى ئېغىر بولۇش مەسىلىسىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ھەل بولمايۋاتقانلىقىدىكى، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتقانلىقىدىكى تۈپ مەسىلىلەر ھېسابلىنىدۇ. ھازىر يېزىلاردىكى نامرات دېھقانلارنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا ئىنكاسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولماقتا. ئەگەر كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا زەربە بېرىدىغان بۇ مەسىلىلەر تۈزىتىلمەي ئېتىبارسىز كېتىۋېرىدىغان بولسا، دېھقانلارنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان ھېسسىياتىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگان. خەلق ئاممىسى خەلق قۇرۇلتىيىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىنكاس قىلىشنى جىددىي ئۈمىد قىلىدۇ. خەلق قۇرۇلتايلىرىمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىنكاس قىلىشنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ھەقىقىي تۇردە مۇناسىۋەت باغلاشنىڭ مۇھىم يولى قىلىشى كېرەك.

ھازىر بىز شۇغۇللىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قەدىمقىلار قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغۋار ئىش، شۇڭا ئۇ تىنچ بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي شارائىتقا موھتاج. ئېلىمىز دۇنيادا 900 مىليون دېھقانغا ئىگە چوڭ يېزا ئىگىلىك دۆلىتى، يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىدە ئاساس ئورۇندا تۇرىدۇ. «يېزا ئىگىلىكى مۇقىم بولسا، جاھان تىنچ بولىدۇ»، بۇنى كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئوبدان بىلىدۇ. دېھقانلارنىڭ سېلىقى مەسىلىسىنى ئالساق، بۇ، يېزا ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق مەسىلىسىلا بولۇپ قالماي، بەلكى پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم مەسىلە. شۇڭا، بۇنىڭغا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە يېتەرلىك دەرىجىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قارىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە مەركەزلىك تۈزەشتە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. باش شۇجى جياڭ زېمىن: «دۆلەت خەلقنى مۇھىم بىلىدۇ، خەلق ئاشلىقنى مۇھىم بىلىدۇ. يېزا ئىگىلىكى خەلقنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش، جاھاننى تىنچىتىشتىكى ئىستراتېگىيىلىك كەسىپ. شۇڭا يېزا ئىگىلىكىنى ھەر قانداق ۋاقىتتا ناھايىتىمۇ چىڭ تۇتۇش كېرەك»، «ناۋادا يېزا ئىگىلىكىدىن چاتاق چىقسا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولۇپ، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ ئەھۋال شەھەرلەردىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۆپىيىشكە ئوخشاش مەسىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتسە، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا بىۋاستە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىمۇ ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ» دەپ كۆرسەتتى («مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز» 1998 ـ يىل 9 ـ يانۋار). شۇڭا، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش مەسىلىسى ھەم ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى، ھەم ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىشنىڭ ئېچكى تەلپى.

ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى

(ناھىيە دەرىجىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) خەلق
قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن
تۈزۈش ھوقۇقى، قارار قىلىش ھوقۇقى، نازا-
رەت قىلىش ھوقۇقى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىن-
لەش ۋە قالدۇرۇش قاتارلىق ھوقۇقلىرى بولىدۇ-
كەن. خەلق قۇرۇلتايلىرى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى
يەڭگىللىتىش خىزمىتىدە، مۇشۇ خىزمەت ھوقۇق-
لىرىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ مۇھىم
رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرسا بولىدۇ. ناھىيە
دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتايلىرىدا، گەر-
چە قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى بولمىسىمۇ، بىراق
باشقا مۇھىم خىزمەت ھوقۇقلىرى بولىدۇ. دېھقان-
لارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتى داۋامى-
دا، مۇشۇ خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈش ئار-
قىلىق ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم رو-
لىنى جارى قىلدۇرسا بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى
ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك «ھۆكۈمەت، ئىككى
مەھكىمە» نىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ ۋە
قاراپ چىقىپ، قاراپ چىققانلىق پىكرىنى ئوتتۇرى-
غا قويۇشى ۋە مۇناسىپ قارار چىقىرىشى لازىم.
چىقىرىلغان قارارنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ۋە ئە-
مەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى چىڭ ئىگىلەش ئار-
قىلىق، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ۋە
ئاكتىپلىقىنى قوزغاش جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئالغا
سىلجىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.
ھۆكۈمەتكە قاراشلىق تارماقلار چىقارغان قېلىپلاش-
قان ۋە سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر ئۈستى-
دە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قانۇن، بەلگىلىمى-
لەرگە ئۇيغۇن بولمىغان ھۆججەت ۋە تۈرلەرگە قا-
رىتا تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش ۋە تۈزىتىش ئې-
لىپ بېرىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر دەرىجە-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومى-
تېتلىرى ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈ-
رۈش ۋە باھالاشقا ئاكتىپ تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ
دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتى دا-
ۋامىدىكى ساقلانغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى قانۇنلار
ئاتا قىلغان مۇقەددەس ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە
دادىل بىر ياقلىق قىلىش بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت
تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن
بىللە يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن
بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا بول-
غان يېتەكچىلىكنى داۋاملىق كۈچەيتىشكە نۇقتى-
لىق ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نوپۇزىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆ-
سۈشىگە ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ قانۇنچىلىق ئې-
ڭىمۇ پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، دېھقانچىلىق-
تىكى نامۇۋاپىق سېلىقلار توغرىلىق خەلق قۇرۇل-
تايلىرىغا ئەرز ـ شىكايەت ۋە ھال ـ ئەھۋال ئىن-
كاس قىلغۇچىلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.
خەلق قۇرۇلتايلىرى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگى-
نىلىق فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ،
خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرز ـ شىكايەت ۋە ھال ـ
ئەھۋالىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھال ـ ئەھ-
ۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى كۈتۈۋېلىش، تىزىم-
لاش، مەسىلىلەرنى بىر ياقلىق قىلىشقا ھەيدەكچى-
لىك قىلىش تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، بۇ
خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەشكە مەخسۇس خادىم
بەلگىلەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇل-
تايلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم رولىنى تولۇق جارى
قىلدۇرۇشنى دېھقانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپە-
ئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداشقا پايدىلىق بولۇش،
يېزا خىزمىتىدىكى «كونا، مۇھىم، چىگىش» مە-
سىلىلەرنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق بولۇش، مەمۇ-
رىي ئىشلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ يولغا قويۇپ، ئىق-
تىسادىي تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈشكە پايدىلىق
بولۇش، ھۆكۈمەت ئىشىنى پاكلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پارتىيە بىلەن ئامما،
كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاش-
تۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش يۈكسەكلىكىدە تونۇشى
لازىم.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن
دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدا
نۇرغۇن قېتىم قايتا ـ قايتا يوليورۇق، بەلگىلىمە
ۋە ئۇقتۇرۇشلارنى چىقاردى. ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتايلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىپ رولى-

نى جارى قىلدۇردى، ئەمما تازا يېتەرلىك دەرىجە-
دە جارى قىلدۇرۇپ كېتەلمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن
بۇ مەسىلىدە تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قانۇن
تۈزۈشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە نازارەتچى-
لىكنى كۈچەيتىش كېرەك. نۆۋەتتە دېھقانلارنىڭ
سېلىقىنى يەڭگىللىتىش مەسىلىسىدە مۇنداق قا-
راشلار ساقلانماقتا. بىر خىلدىكىلەر: پارتكوملار
بىلەن ھۆكۈمەتلەر بۇ مەسىلىگە ناھايىتى ئەھمىيەت
بېرىۋاتىدۇ، قاتلاممۇقاتلام تۇتۇۋاتىدۇ، خەلق قۇ-
رۇلتايلىرىنىڭ يەنە بەزى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بې-
رىشىنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارىماقتا.
يەنە بىر خىلدىكىلەر: دېھقانلارنىڭ سېلىقى مەسى-
لىسى «كونا، مۇھىم، چىگىش» مەسىلە، خەلق
قۇرۇلتايلىرى ئۇنىڭغا قول تىقسا ھېچقانچە مەسىلە
ھەل بولمايدۇ، ئەگەر خىزمەت ياخشى ئىشلەنمىسە
ئۇنى يىغىشتۇرۇۋېلىش تەس، يەنە كېلىپ خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ ئوبرازىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ، دەپ
قارىماقتا. بۇنىڭدىكى تۈپ مەسىلە شۇكى، خەلق
قۇرۇلتايلىرىنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىل-
لىتىش خىزمىتى داۋامىدا ئۆز رولىنى جارى قىل-
دۇرۇشىنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىگە بولغان
تونۇشىنىڭ تېگىشلىك دەرىجىدە يۇقىرى بولمىغان-
لىقىدا. شۇڭا، بۇ مەسىلىدە ئالدى بىلەن تونۇش
مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەل قىلىپ، ئۆ-
زىگە بولغان ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇش، مەسئۇلىيەت
تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش كېرەك. قانۇن - تۈزۈملەر-
نى يەنىمۇ كۈچەيتىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دېھ-
قانلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا
ئالاقىدار بولغان قانۇن - نىزاملارنى يەنىمۇ ئىلگى-
رىلەپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئوتتۇرىغا چىقى-
رىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومى-
تېتلىرىنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش
خىزمىتى داۋامىدىكى مۇھىم خىزمەت فۇنكسىيە-
سىنى جارى قىلدۇرۇش بەلگىلىمىلىرىنى ئېنىق
تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. جۈملىدىن دېھقانلارنىڭ
سېلىقىغا دائىر تۈرلەر ۋە سانلىق مىقدارلارنى تەڭ
دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ياكى ئۇلارنىڭ دا-
ئىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشى-
دىن ئۆتكۈزۈشكە سۇنۇش قاتارلىق كونكرېت مەز-
مۇنلارنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم. شۇنداق
قىلغاندىلا، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش
مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە قانۇنچىلىق ئىزىغا
سالغىلى بولىدۇ.

دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش مەسى-
لىسىدە خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومى-
تېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك رولىغا سەل قاراشقا
بولمايدۇ. بۇ يەردە ئالدى بىلەن نازارەت قىلىش
كۈچى ئاجىز بولۇش، نازارەت قىلىش ئەمەلىيلەش-
مەسلىك، نازارەت قىلىشنىڭ ئۈنۈمى يېتەرلىك
دەرىجىدە روشەن بولماسلىق مەسىلىلىرىنى جەز-
مەن ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. نازارەت قىلىش
ئوبيېكتى مەسىلىسىدە ئوخشاش كۆز قاراشتا بو-
لۇش، تۆۋەنگە بىر خىل يۇقىرىغا بىر خىل بول-
ماسلىق، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلىتىۋېتى-
دىغان مەنبەلەرنى ھەقىقىي تۈردە توسۇشنى ئىشقا
ئاشۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتى-
يى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى كادىرلارنى
ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش ھوقۇقىنى ياخ-
شى ئىجرا قىلىشى لازىم. كادىرلارنى تاللاپ ئۆس-
تۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇشتا، دېھقانلارنىڭ سېلىقى-
نىڭ ئاشۇرۇۋېتىلگەن ياكى ئاشۇرۇۋېتىلمى-
گەنلىكىنى مۇھىم ئۆلچەم قىلىش لازىم. ۋەزىپىگە
تەيىنلەنگەن كادىرلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ
بېرىش ۋە خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتىنى باھا-
لاشتا دېھقانلارنىڭ سېلىقىنىڭ ئاشقان - ئاشمىغان-
لىقىنى مۇھىم مەزمۇن قىلىپ، دېھقانلارنىڭ نامۇ-
ۋاپىق سېلىقلىرىنى ئاشۇرۇپ، ئېغىر ئاقىۋەت
كەلتۈرۈپ چىقارغان كادىرلارغا قارىتا، ھەر دەرى-
جىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومى-
تېتلىرى مۇئەييەن قانۇنىي تەرتىپلەرگە ئاساسەن
جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشى كېرەك. شۇنداق
قىلغاندىلا، خەلق ئاممىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى-
نىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قى-
لىدىغان ئالىي دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگىنى ئىكەن-
لىكىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم-
لىگىلى، خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ ھەر مىللەت خەل-
قىنىڭ نەزەرىدىكى يۇكسەك ئوبرازىنى ۋە نوپۇزىنى
تېخىمۇ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

# يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ «ئىككى مەھكىمە» نىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا

※ نەبىجان ئابدۇرۇپ ※

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ «هۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە» نىڭ خىزمەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىشى توغرىسىدا دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك قىلىش خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ھەمىشە دېگۈدەك ساقلىنىپلى بولمايدىغان بەزى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن «ئىككى مەھكىمە» نىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش ئومۇميۈزلۈك نازارەتچىلىكمۇ ياكى شەرتلىك نازارەتچىلىكمۇ؟ دېگەن تالاش ـ تارتىشلار كۆپرەك بولۇۋاتىدۇ. بۇ تالاش ـ تارتىشلارنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ماكرو جەھەتتىن نازارەتچىلىك قىلىش، يەنى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىلەن خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلماسلىق. بۇنداق دېگۈچىلەر خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن «ئىككى مەھكىمە» نىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش خىزمەتلىرى ئۈستىدىلا نازارەتچىلىك قىلىشى، ئۇلارنىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمەتلىرى ئۈستىدىنمۇ نازارەتچىلىك قىلىمىز، دەپ خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىلەن خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش هوقۇقى ۋە تەپتىش قىلىش هوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشىگە دەخلى قىلماسلىقى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى، مىكرو جەھەتتىن نازارەتچىلىك قىلىش يەنى «ئىككى مەھكىمە» نىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمىتىگە جەزمەن نازارەتچىلىك قىلىش. بۇنداق دېگۈچىلەر خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى «ئىككى مەھكىمە» گە بولغان نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئۇلارنىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمىتىگە قارىتىشى، «ئىككى مەھكىمە» نىڭ دېلو بېجىرىش خىزمەت ئەھۋالىنى ئاڭلاپ ۋە سۈرۈشتۈرۈپ قويۇش بىلەنلا قالماي يەنە تېخى دېلو ماتېرىياللىرىنى ئالدۇرۇپ كۆرۈشى، تەكشۈرۈشكە، دېلو بېجىرىشكە قاتنىشىشى كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتى ئىسمى بار جىسمى يوق شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچى، ماكرو جەھەتتىن نازارەت قىلىش بىلەن مىكرو جەھەتتىن نازارەت قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش يەنى خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى «ئىككى مەھكىمە» نىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمەتلىرىگە چوقۇم نازارەتچىلىك قىلىش، لېكىن بۇ خىل نازارەتچىلىك شەرتلىك بولۇش، تاللاپ نازارەتچىلىك قىلىش. بۇنداق دېگۈچىلەر خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ «ئىككى مەھكىمە» نىڭ خىزمەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىشنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت فۇنكسىيىسى بەلگىلىگەن. شۇڭا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمەتلىرىگە جەزمەن نازارەتچىلىك قىلىشى، لېكىن بۇ خىل نازارەتچىلىك شەرتلىك بولغان، تاللاپ ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش

مەھكىمىلىرىنىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشقا ھوقۇقلۇق، بۇ ئالدى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە. شۇڭا، خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى «ئىككى مەھكىمە» بېجىرگەن ئىجتىمائىي تەسىرى زور، ئامىمىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان تىپىك دېلولار ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىشنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەن ئۇچىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. چۈنكى:

1. خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ «ئىككى مەھكىمە» نىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن. دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىنىڭ 126 - ۋە 131 - ماددىلىرىدا خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىلەن خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقى بىلەن تەپتىشلىك ھوقۇقىنى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ھەر قانداق بىر مەمۇرىي ئورگاننى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتنى ۋە شەخسنى ئارىلاشتۇرمايدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ يەردە دېيىلگەن «مۇستەقىل ھوقۇق يۈرگۈزۈش» قانداقتۇر دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارىتىدىن ئايرىلغان مۇتلەق «مۇستەقىل ھوقۇق يۈرگۈزۈش» ئەمەس، بەلكى، ئۆزىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى ئالدىدا جاۋابكار بولۇش ئاساسىدىكى شەرتلىك «مۇستەقىل ھوقۇق يۈرگۈزۈش» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 26 - ماددىسىدىمۇ ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش كومىتېتى تەشكىل قىلسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن «ئالاھىدە مەسىلە» ھەم مەلۇم بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەتنى، ھەم مەلۇم بىر پارچە تىپىك دېلونى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 19 - ماددىسىدا ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىدىغانلىقى، خەلق ئامىمىسىنىڭ يۇقىرىقى ئورگانلار ئۈستىدە بەرگەن ئەرز ۋە پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. كونكرېت دېلولارنى بېجىرىش خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىلەن خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئاساسلىق خىزمەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، خەلق ئامىمىسىنىڭ بۇ ھەقتە بەرگەن ئەرز ۋە پىكىرلىرى كۆپىنچە ئۇلارنىڭ دېلو بېجىرىش خىزمىتىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. شۇڭا، ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ بۇنداق خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى مۇقەررەر ھالدا «ئىككى مەھكىمە» نىڭ كونكرېت دېلولارنى بېجىرىش خىزمەتلىرى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىشتىن ئايرىلالمايدۇ. ئەگەر خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قانۇن نازارەتچىلىكى كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇنداقتا بۇ خىل نازارەت ئابستراكت نازارەت، ئەھمىيىتى بولمىغان نازارەت بولۇپ قالىدۇ. يەنە كېلىپ خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 3 - ماددا 2 - تارمىقىدا تەپتىش ھەيئىتىنىڭ باش تەپتىشنىڭ رىياسەتچىلىكىدە زور دېلو ۋە باشقا زور مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىدىغانلىقى، ئەگەر زور مەسىلىلەردە باش تەپتىش كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قارارىغا قوشۇلمىسا، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار قىلىشىغا سۇنسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك «ئىككى مەھكىمە» بېجىرگەن كونكرېت دېلولار ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزسە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، خەلق ئامىمىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىغا بېرىدىغان ئەرز ۋە پىكىرلىرى ئاساسەن «ئىككى مەھكىمە» نىڭ كونكرېت دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا قانۇنغا ئاساسلانمىغان، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلمىغان ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمىگەنلىكى ئۈستىدە بېرىلىدىغان بولغاچقا، خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ كونكرېت دېلولارنى سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

2. خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ «ئىككى مەھكىمە» نىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشى شەرتلىك بولىدۇ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك

خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېت-
لىرى دۆلەتنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى
بولۇپ، ئۇلار قانۇننى بىۋاستە كونكرېت ئىجرا
قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ قانۇنىي ئورنى يۇقىرى، ھو-
قۇق دائىرىسى كەڭ، نازارەتچىلىك قىلىش ۋەزى-
پىسى ئېغىر بولۇپ، پەقەت «ئىككى مەھكىمە»
نىڭ خىزمەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىپلا قالماس-
تىن يەنە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىگىمۇ نازارەتچى-
لىك قىلىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتى ماك-
رولۇق نازارەتنى ئاساس قىلغان بولۇپ، چوڭ -
چوڭ ئىشلارنى تۇتۇشى، ئۆز نۆۋىتىدە بەزى كونك-
رېت دېلولارغىمۇ ئارىلىشىشى، خاھىش خاراكتېر-
لىك، ئومۇمىي دائىرىلىك مەسىلىلەرنى تېپىپ
چىقىپ، «ئىككى مەھكىمە» نىڭ خىزمەتلىرىگە
قارىتا يېتەكچىلىك قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بول-
غان ياخشىلاش پىكرى ۋە تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇپ، ماكرو جەھەتتىن نازارەتچىلىك قىلىش مەق-
سىتىگە يېتىشى لازىم. ھە دېسىلا «ئىككى مەھكە-
مە» نىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمەتلىرىگە
ئارىلىشىۋېلىش خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تۇ-
تالمىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئىشنىڭ
چوڭ - كىچىكلىكىنى، دېلو تەسىرىنىڭ قانداقلى-
قىنى ئايرىماي، ھەممە ئىشقا تەڭ قول سېلىۋې-
لىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەتنىڭ ئاسا-
سىي قانۇنى «ئىككى مەھكىمە» گە مۇستەقىل
سوت قىلىش، مۇستەقىل تەپتىش قىلىش ھوقۇقى-
نى يۈرگۈزۈشنى ئاتا قىلدى. بۇ ئىككى تۈرلۈك
ھوقۇقنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ-
دا بۇ «ئىككى مەھكىمە» ھەم ئۆز ئالدىغا ئىش
كۆرىدۇ، ھەم باشقا ئارىلىشىشلارنى چەتكە قاقى-
دۇ. «ئىككى مەھكىمە» دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر
تەرەپ قىلغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېلولارنى
قانۇنغا ئۇيغۇن ھالدا بىر تەرەپ قىلىدۇ، پەقەت
ناھايىتى ئاز بىر قىسىم دېلولاردىلا مەسىلە ياكى
خاتالىق كۆرۈلۈپ قالىدۇ. بۇ مەسىلە ۋە خاتالىق-
لارنى «ئىككى مەھكىمە» قانۇندا بەلگىلەنگەن تەر-
تىپ ۋە ئىچكى قىسمىدىكى نازارەتچىلىك مېخانىز-
مى ئارقىلىقمۇ تۈزىتىپ كېتەلەيدۇ ۋە ھەل قىلالاي-
دۇ. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائى-
مىي كومىتېتلىرىنىڭ «ئىككى مەھكىمە» نىڭ
خىزمەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىشى ئۆزئارا بىر -
بىرىگە ئىشىنىش، بىر - بىرىنى چۈشىنىش ئاسا-
سىدا يولغا قويۇلۇشى، خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە

ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى «ئىككى مەھكىمە»
نىڭ خىزمەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشىغا
ئىشىنىشى ۋە ئۇنى قوللىشى لازىم.

3. خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي
كومىتېتلىرى «ئىككى مەھكىمە» نىڭ كونكرېت
دېلو بېجىرىش خىزمىتىگە قىلىنىدىغان نازارەتچى-
لىكنى تاللاپ ئېلىپ بارىدۇ.

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى
ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك
خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن خەلق تەپتىش مەھ-
كىمىسىنىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمىتىگە
ئارىلىشىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قى-
لىشقا ئەرز قىلىدىغان ئورۇن تاپالمىغان، ئۇزۇل-
دۇرمەي ئەرز قىلغان، چېتىشلىق ئادەم سانى
كۆپ، دائىرىسى كەڭ بولغان، ئىجتىمائىي مۇقىم-
لىق ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بىۋاستە تەسىر
يەتكۈزگەن زور دېلولار؛ مەلۇم بىر رايون ئىچىدە
خەلقنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك، ساداسى يۇقىرى بول-
غان دېلولار، ئەدلىيە ئورگانلىرى خەلق قۇرۇلتى-
يىنىڭ نازارەتچىلىك قىلىشى، قوللىشىنى تەلەپ
قىلغان دېلولار؛ ئەدلىيە ئورگانلىرىدا تونۇش بىر-
لىككە كەلمەي بىر - بىرىگە ئىتتىرىشىپ كېلىۋات-
قان دېلولار؛ ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىز-
مەتچى خادىملىرى ئۈستىدىن ئەرز قىلىنغان دېلو-
لار، شۇنىڭدەك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېلولىرىنى
تاللاپ ئارىلىشىشى ۋە بېجىرىشكە نازارەتچىلىك قى-
لىشى لازىم.

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائى-
مىي كومىتېتلىرىنىڭ «ئىككى مەھكىمە» نىڭ
كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمىتىگە تاللاپ قاتنى-
شىشىنىڭ تەسىرى چوڭ، تىپىك يېتەكچى ئەھمى-
يىتى زور. ئۇ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە
ئۇنىڭ كومىتېتلىرىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇ-
لىيىتىنى ئادا قىلىپ، «ئىككى مەھكىمە» نىڭ
سوت قىلىش، تەپتىش قىلىش پائالىيىتى ئۈستى-
دىن نازارەتچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قى-
لىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ كونكرېت
دېلولارغا ئارىلىشىشى «ئىككى مەھكىمە» نىڭ
خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوت مەھكىمە-
سى بىلەن تەپتىش مەھكىمىسىنى قانۇن بويىچە
تېخىمۇ ياخشى ئىش بېجىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلىدۇ؛ كەڭ خەلق ئاممىسىنى قانۇن - ئىنتىزام-
غا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان، «ئىككى مەھكىمە»

نى چۈشىنىدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. دەرۋەقە، خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ «ئىككى مەھكىمە» نىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇشى ئەمەلىيەت جەريانىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان مەسىلە بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىشقا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قىسقىسى، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك «ئىككى مەھكىمە» بېجىرگەن كونكرېت دېلولار ئۈستىدىن نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇشى ھەرگىزمۇ ھەممە دېلولار ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئۇنداق قىلىشنىڭ ھەم زۆرۈرىيىتى يوق. شۇڭا، نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇش جەريانىدا مەيلى تاللاپ شەرتلىك نازارەتچىلىك قىلسۇن ياكى ئومۇمىيۈزلۈك نازارەتچىلىك قىلسۇن چوقۇم ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇش لازىم.

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك «ئىككى مەھكىمە» نىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمىتى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىشتا تۆۋەندىكى ئۈچ مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم:

1. نازارەتچىلىك قىلىش بىلەن قوللاشنىڭ مۇناسىۋىتى. ئوبيېكتىپ تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، «نازارەتچىلىك قىلىش» دېگەن بۇ بىر ئۇقۇمنى بەزى كىشىلەر ئاسانلىقچە قوبۇل قىلالمايدۇ. بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان «نازارەتچىلىك قىلىش» دېگەن بۇ ئۇقۇم قانۇنىي جەھەتتىكى ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ھوقۇق بىلەن ئورۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەڭ مۇھىمى ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. نازارەتچىلىك قىلغۇچى بىلەن نازارەتچىلىك قىلىنغۇچىنىڭ نىشانى بىردەك بولۇپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتى بىلەن ئىش تەقسىماتىلا ئوخشىمايدۇ. نازارەتچىلىك قىلىش بىلەن قوللاش بىر گەۋدە بولۇپ، قوللاش نازارەتچىلىك ئىچىدە بولىدۇ.

2. ئەدلىيە ھوقۇقى بىلەن نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئىلگىرى كېيىنلىك مۇناسىۋىتى. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا بەرگەن نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقى ئىچىدە مەيلى «ئىككى مەھكىمە» نىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىشتا ۋە يېتەكچى خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈشتە بولسۇن ياكى قانۇنغا خىلاپ قارار، بۇيرۇقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتا بولسۇن ھەممىسى ئىشتىن كېيىنكى نازارەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. يەنى «ئىككى مەھكىمە» نىڭ سوت قىلىش ھوقۇقى بىلەن تەپتىشلىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزۈشى ئىلگىرى، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى كېيىن بولىدۇ. دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ «ئىككى مەھكىمە» نىڭ كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمىتى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىشمۇ يۇقىرىقىلار بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

3. قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك قىلىش بىلەن ئۆزى كۆزىتىشنىڭ مۇناسىۋىتى. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى كونكرېت دېلو بېجىرىش خىزمىتى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش جەھەتتە «نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى ئايرىش» پرىنسىپىنى قەتئىي يولغا قويۇپ، خەلق ئاممىسى شىكايەت قىلغان، ئەرز بەرگەن ۋە پاش قىلغان قىسمەن زور دېلولاردا نازارەتچىلىك قىلىش تەرتىپى بويىچە، مۇئەييەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە دېلو ماتېرىياللىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، شىكايەت قىلىنغان ياكى پاش قىلىنغان كىشىلەر جاۋابكارلىققا تارتىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارالسا، ياكى ئەرز قىلىنغان دېلولارنىڭ ھەقىقەتەن خاتا بىر تەرەپ قىلىنغانلىرى بولۇپ قانۇن بويىچە كۆزىتىشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياكى مۇدىرلار يىغىنى قارار چىقىرىش، لېكىن، كونكرېت دېلولارنى بىۋاسىتە بىر تەرەپ قىلماي سوت مەھكىمىسى بىلەن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا بۇيرۇش ئۇسۇلىدا ئىنچىل ھالدا چىڭ تۇرۇشى لازىم. بۇنداق قىلغاندا خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار «ئىككى مەھكىمە» گە ئاتا قىلغان سوت قىلىش ھوقۇقى بىلەن تەپتىشلىك ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

(ئاپتور خوتەن ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى)

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

**42. جەرىمانە قويۇلغان، مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە قانداق بەلگىلىمە بار؟**

جاۋاب: مەمۇرىي جازا قانۇنىنىڭ 53 - ماددىسىدا «قانۇن بويىچە كۆيدۈرۈۋېتىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلىنغان قانۇنسىز مال - مۈلۈكنى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە كىم ئارتۇق قىلىپ ئاشكارا سېتىش ياكى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش شەرت.

جەرىمانىنى، مۇسادىرە قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنى ياكى مۇسادىرە قىلىنغان قانۇنسىز مال - مۈلۈكنى كىم ئارتۇق قىلىپ ساتقان پۇلنى دۆلەت خەزىنىسىگە تولۇق ئۆتكۈزۈش شەرت. ھەر قانداق مەمۇرىي ئورگان ياكى شەخسنىڭ ئۇنى ھەر قانداق ئۇسۇل بىلەن تۇتۇپ قېلىشىغا، بۆلۈشۈۋېلىشىغا ياكى باشقا شەكىل بىلەن بۆلۈشۈۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. مالىيە تارمىقىنىڭ جەرىمانىنى، مۇسادىرە قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنى ياكى مۇسادىرە قىلىنغان قانۇنسىز مال - مۈلۈكنى كىم ئارتۇق قىلىپ ساتقان پۇلنى جازا قارارىنى چىقارغان مەمۇرىي ئورگانغا ھەر قانداق ئۇسۇل بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، مەمۇرىي ئورگانلار جەرىمانە ئالغان، مۇسادىرە قىلغان، مال - مۈلۈكلەر ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن تۆۋەندىكى پرىنسىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

1) قانۇن، نىزامدا ئوبوروت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان مۈلۈكلەرنى چوقۇم شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ئورنى ياكى باشقا تەشكىلاتلارغا ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق، ئاشكارا كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ئۇسۇلى بىلەن كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش كېرەك. ئۇنى باشقا سودا رايونلىرى ئارقىلىق سېتىشقا بولمايدۇ. قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار ئۆز سىستېمىسى ئىچىدە ئىچكى قىسىمدا بىر تەرەپ قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بىر قىسىم چوڭ تاۋارلارنى مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى ۋە مەخسۇس تىجارەت قىلىدىغان، مەخسۇس ساتىدىغان تاۋارلارنى خېرىدار چاقىرىش شەكلى ئارقىلىق ياكى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش شەكلى ئارقىلىق بۇ تاۋارلارنى شۇ تاۋارنى مەخسۇس تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلارغا سېتىپ بېرىش كېرەك. ئاشلىق، ماي، تىرىك تاۋارلارنى شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى توپ تارقىتىش بازىرىدا ياكى سودا بازىرىدا كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش كېرەك.

2) مەخسۇس تىجارەت قىلىدىغان ئورگانلار باشقۇرىدىغان ياكى مەخسۇس كارخانىلار تىجارەت قىلىدىغان مال - مۈلۈك مەسىلەن، پۇل، تاشقى پېرېۋوت، قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ۋاقتىدا مەخسۇس تىجارەت قىلىدىغان ئورگانلارغا ياكى مەخسۇس كارخانىلارغا ئالماشتۇرۇپ بېرىش ياكى سېتىپ بېرىش كېرەك.

3) سىياسىي خاراكتېرلىك، بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك نەرسىلەرنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان ئورگانلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشقا ھەقسىز تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك.

4) شەھۋانىي نەرسىلەر، زەھەرلىك چېكىملىك سايمانلىرى قاتارلىق چەكلەنگەن نەرسىلەر ھەمدە ساقلاش قىممىتى يوق نەرسىلەرنى يىغىۋالغۇچى ئورگان قانۇن بويىچە كۆيدۈرۈۋېتىشى كېرەك.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي جازا قانۇنى» دىن سوئال - جاۋاب

مەمۇرىي ئورگانلار جازالاش قارارى چىقىرىپ قانۇن بويىچە نەق مەيداندا يىغىۋالغان مەمۇرىي جەرىمانە، مۇسادىرە قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەت ھەمدە مۇسادىرە قىلىنغان قانۇنسىز مال - مۈلۈكنى كىم ئارتۇق قىلىپ ساتقاندىن كېيىن، ئېرىشكەن پۇل دۆلەت مالىيىسىنىڭ مەبلىغى بولىدۇ. ئۇنى مالىيىگە تاپشۇرۇش كېرەك. مالىيە ئورۇنلىرى جەرىمانە ۋە مۇسادىرە كىرىمىنى شۇ تارماقنىڭ راسخوتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇكاپاتى، پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن چاتماسلىق، ئۇلارغا جەرىمانە قويۇش، مۇسادىرە قىلىش كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەرمەسلىك، جەرىمانىنى، مۇسادىرە قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنى ياكى مۇسادىرە قىلىنغان قانۇنسىز مال - مۈلۈكنى كىم ئارتۇق قىلىپ ساتقان پۇلنى جازا قارارى چىقارغان مەمۇرىي ئورگانغا ھەر قانداق شەكىل بىلەن قايتۇرۇپ بەرمەسلىك كېرەك.

**43. مەمۇرىي جازا ئۈستىدىن قانداق نازارەت قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: مەمۇرىي دەۋا بىلەن مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشتا مەمۇرىي جەھەتتىن نازارەت قىلىش تەرتىپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساس جازالانغۇچىنىڭ ئىلتىماس قىلىشىنى شەرت قىلىدۇ. ئەگەر جازالانغۇچى ئىلتىماس قىلمىسا خەلق سوت مەھكىمىسى ياكى مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەي، قانۇنغا خىلاپ جازالار نازارەت قىلىنمايدۇ ياكى تۈزىتىلمەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەمۇرىي ئورگانلار مەمۇرىي جازاغا بولغان نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم. بولۇپمۇ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەمۇرىي جازاغا بولغان نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك.

ئاساسىي قانۇن ۋە تەشكىلىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن قارىغاندا مەمۇرىي ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشنىڭ سۇبيېكتى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەمەلىيەتتە مەمۇرىي ھوقۇقنى بولۇپمۇ مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىنى ئاساسلىقى ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى يۈرگۈزىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆزىگە قاراشلىق ھەر قايسى تارماقلارغا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلالايدۇ. ئۆزىگە قاراشلىق ھەر قايسى خىزمەت تارماقلىرىنىڭ نامۇۋاپىق بۇيرۇق، يوليورۇقلىرىنى ۋە ئۆزىدىن تۆۋەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامۇۋاپىق قارار، بۇيرۇقلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ ۋە ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ. ئەرز قىلىش ۋە پاش قىلىش ئاساسىي قانۇن پۇقرالارنى ئاتا قىلغان ھوقۇق. پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلار مەمۇرىي ئورگان بەرگەن مەمۇرىي جازا ئۈستىدە ئەرز قىلىشقا ياكى پاش قىلىشقا ھوقۇقلۇق. مەمۇرىي ئورگان ئۇنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈشى، مەمۇرىي جازانىڭ خاتا بولغانلىقىنى بايقىسا ئۆزلۈكىدىن تۈزىتىشى كېرەك.

**44. قانداق ئەھۋال ئاستىدا مەمۇرىي جازا بەرگەن مەمۇرىي ئورگاننىڭ قانۇن جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ؟**

جاۋاب: مەمۇرىي ئورگان مەمۇرىي جازا بەرگەندە تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولسا، يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگان ياكى ئالاقىدار تارماق تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ. بىۋاستە باشقۇرغۇچى مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاستە جاۋابكارلىقى بار باشقا خادىملارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ.

1) مەمۇرىي جازا بېرىشنىڭ قانۇنىي ئاساسى بولمىسا، يەنى مەمۇرىي ئورگان دۆلەتنىڭ قانۇن، مەمۇرىي نىزام، يەرلىك قانۇن - نىزام، تارماقنىڭ مەمۇرىي قائىدىسى، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قائىدىسىدە بەلگىلەنگەن مەمۇرىي جازا بېرىلىدىغان قىلمىش ۋە دائىرىنىڭ سىرتىدا جازا بەرگەن بولسا؛

2) مەمۇرىي جازانىڭ تۈزۈمىنى، دائىرىسىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىۋەتكەن بولسا، يەنى مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە

بولغان مەمۇرىي ئورگان مەمۇرىي
جازا قانۇنىغا خىلاپلىق قىلسا،
بىر خىل جازانى يەنە بىر خىل
جازاغا ئۆزگەرتكەن ياكى قانۇندا
بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدىن
ھالقىپ كېتىپ جازا بەرگەن بول-
سا؛

3) قانۇندا بەلگىلەنگەن مە-
مۇرىي جازا بېرىش تەرتىپىگە خى-
لاپلىق قىلغان بولسا، يەنى مەمۇ-
رىي ئورگان مەمۇرىي جازا قانۇنى-
دا جازا قارارى چىقىرىش تەرتى-
پىگە ئاددىي تەرتىپ ۋە ئادەتتىكى
تەرتىپكە، دەلىل - ئىسپات ئالى-
لاش تەرتىپىگە ھەمدە جازانى
ئىجرا قىلىش تەرتىپىگە خىلاپلىق
قىلىپ، مەمۇرىي جازا بەرگەن
بولسا،

4) مەمۇرىي جازانىڭ 18 ـ
ماددىسىدىكى جازالاشنى ھاۋالە
قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە
خىلاپلىق قىلغان بولسا، يەنى
شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەش-
كىلاتقا مەمۇرىي جازا بېرىشنى
ھاۋالە قىلغان، ھاۋالىنى قوبۇل
قىلغۇچى تەشكىلات شەرتكە ئۇي-
غۇن كەلسىمۇ، مەمۇرىي جازا
بەرگەندە ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ نازا-
رىتىگە ئېرىشەلمەي ياكى ھاۋالە
ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ كې-
تىپ مەلۇم ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ
چىقارغان بولسا.

**45. مەمۇرىي ئورگان قانۇنغا خىلاپ تالون ئىشلەت- سە ئۇنىڭ قانۇن ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟**

جاۋاب: مەمۇرىي ئورگان ئا-
لاقىدار تەرەپنى جازالاشتا جەرىما-
نە قويۇش، پۇل، مالنى مۇسادىرە
قىلىش تالوننى ئىشلەتمىسە ياكى
قانۇندا بەلگىلەنمىگەن تارماقلار
باشقۇرۇپ تارقاتقان جەرىمانە قو-
يۇش، پۇل، مالنى مۇسادىرە قى-
لىش تالوننى ئىشلەتسە، ئالاقى-
دار تەرەپ جازانى رەت قىلىشقا
ھەمدە پاش قىلىشقا ھوقۇقلۇق.
يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئور-
گان ياكى ئالاقىدار تارماقلار ئىش-
لىتىلگەن قانۇنسىز تالوننى يىغى-
ۋېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. بىۋاسىتە
باشقۇرغۇچى مەسئۇل خادىمغا ۋە
بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار باشقا
خادىملارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي
چارە كۆرىدۇ.

**46. قانداق ئەھۋال ئاستىدا بىۋاسىتە باشقۇرغۇ- چى مەسئۇل خادىملارنىڭ ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار باشقا خادىملارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈل- دۇ؟**

جاۋاب: ① مەمۇرىي ئورگان
جەرىمانىنى، مۇسادىرە قىلىنغان
قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنى ياكى
پۇل، مالنى تۇتۇپ قالغان، بۆلى-
شىۋالغان ياكى باشقا شەكىل بى-
لەن بۆلىشىۋالغان بولسا، مالىيە
تارمىقى ياكى ئالاقىدار تارماقلار
سۈرۈشتە قىلىپ تاپشۇرغۇزىدۇ.
بىۋاسىتە باشقۇرغۇچى مەسئۇل
خادىم ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى
بار باشقا خادىملارنىڭ قىلمىشى
ئېغىر بولۇپ، جىنايەت شەكىل-
لەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋاب-
كارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈ-
رۈلىدۇ.

② قانۇن ئىجرا قىلغۇچى
خادىملاردىن خىزمەت ۋەزىپىسى
جەھەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلى-
نىپ، باشقىلاردىن پۇل، مال
ئۇندۇرۇۋالغان ياكى قوبۇل قىلى-
غان، جەرىمانىنى ئۆزىنىڭ قىلى-
ۋالغانلارنىڭ قىلمىشى جىنايەتكە
توشسا جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن
بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

③ مەمۇرىي ئورگان قانۇنغا
خىلاپ ھالدا تەكشۈرۈش تەدبىرى
ياكى ئىجرا قىلدۇرۇش تەدبىرىنى
قوللىنىپ، پۇقرالارغا جىسمانىي
جەھەتتىن زىيان يەتكۈزگەن ياكى
مال ـ مۈلكىگە زىيان يەتكۈزگەن
بولسا، قانۇنىي ئىگىلەرگە ياكى
باشقا تەشكىلاتلارغا زىيان يەتكۈز-
گەن بولسا قانۇن بويىچە تۆلەپ
بېرىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولۇپ،
جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ
جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە
سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

④ مەمۇرىي ئورگان ئۆز
ئورنىغىلا مەنپەئەت كۆرسىتىپ،
جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈ-
رۈش ئۇچۇن قانۇن بويىچە ئەدلىيە
ئورگىنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تې-
گىشلىك بولغانلارنى ئۆتكۈزۈپ
بەرمەي، مەمۇرىي جازانى جىنايى
جازانىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن بول-
سا، يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي
ئورگان ۋە ئالاقىدار تارماقلار تۈ-
زىتىشكە بۇيرۇيدۇ. بىۋاسىتە
باشقۇرغۇچى مەسئۇل خادىم نەپ-
سانىيەتچىلىك قىلغان، قانۇنغا
خىلاپ قىلمىشلارنى قانات ئاستىغا
ئالغان بولسا، ئۇنىڭ جىنايى جا-
ۋابكارلىقى جىنايى ئىشلار قانۇنى-
دىكى بەلگىلىمە بويىچە سۈرۈش-
تۈرۈلىدۇ.

⑤ قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار

خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ، توسۇش ۋە جازالاشقا تېگىشلىك بولغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى توسماي ۋە جازالىماي پۇقرالار ۋە قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى، جامائەت مەنپەئەتىنى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى زىيانغا ئۇچراتقان بولسا، بىۋاسىتە باشقۇرغۇچى مەسئۇل خادىم ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار خادىملارنىڭ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**47. قانداق ئەھۋال ئاستىدا بىۋاسىتە باشقۇرغۇچى مەسئۇل خادىملارنىڭ ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار باشقا خادىملارنىڭ مەمۇرىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ؟**

جاۋاب: ① مەمۇرىي ئورگان «مەمۇرىي جازا قانۇنى» نىڭ 46-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ئۆز ئالدىغا جەرىمانە ئالسا، مالىيە تارمىقى «مەمۇرىي جازا قانۇنى» نىڭ 53 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، مەمۇرىي ئورگانغا جەرىمانە پۇلىنى ياكى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشتىن كەلگەن پۇلنى قايتۇرۇپ بەرسە، يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگان ياكى ئالاقىدار تارماقلار تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ. بىۋاسىتە باشقۇرغۇچى مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار باشقا خادىملارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ.

② مەمۇرىي ئورگان جەرىمانىنى، مۇسادىرە قىلغان قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنى ياكى پۇل، مالنى تۇتۇپ قالغان، بۆلۈشىۋالغان ياكى باشقا شەكىل بىلەن بۆلۈشىۋالغان بولسا، مالىيە تارمىقى ياكى ئالاقىدار تارماقلار سۈرۈشتە قىلىپ تاپشۇرغۇزىدۇ. بىۋاسىتە باشقۇرغۇچى مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار باشقا خادىملارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ.

③ قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى خىزمەت ۋەزىپىسى جەھەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، باشقىلاردىن پۇل، مال ئۇندۇرۇۋالغان ياكى قوبۇل قىلغان، جەرىمانىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلارنىڭ قىلمىشى يېنىك بولۇپ جىنايەتكە توشمىسا، قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ.

④ مەمۇرىي ئورگان تۇتۇپ قالغان پۇل، مالنى ئىشلىتىۋېلىپ ياكى بۇزۇۋېتىپ ئالاقىدار تەرەپكە زىيان يەتكۈزگەن بولسا، قانۇن بويىچە تۆلەپ بېرىدۇ. بىۋاسىتە باشقۇرغۇچى مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار باشقا خادىملارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ.

⑤ مەمۇرىي ئورگان قانۇنغا خىلاپ ھالدا تەكشۈرۈش تەدبىرى ياكى ئىجرا قىلدۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ، پۇقرالارغا جىسمانىي جەھەتتىن زىيان يەتكۈزگەن ياكى مال - مۈلكىگە زىيان يەتكۈزگەن بولسا، قانۇنىي ئىگىلەرگە ياكى باشقا تەشكىلاتلارغا زىيان يەتكۈزگەن بولسا، قانۇن بويىچە تۆلەپ بېرىدۇ. بىۋاسىتە باشقۇرغۇچى مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار باشقا خادىملارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ.

⑥ مەمۇرىي ئورگان ئۆز - ئۆزىنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەپ جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن قانۇن بويىچە ئەدلىيە ئورگىنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغانلارنى ئۆتكۈزۈپ بەرمەي، مەمۇرىي جازانى جىنايى جازانىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن بولسا، يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگان ۋە ئالاقىدار تارماقلار تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ. تۈزىتىشنى رەت قىلسا، بىۋاسىتە باشقۇرغۇچى مەسئۇل خادىمغا مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ.

⑦ قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ توسۇش ۋە جازالاشقا تېگىشلىك بولغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى توسماي ۋە جازالىماي پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى، جامائەت مەنپەئەتىنى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى زىيانغا ئۇچراتقان بولسا، بىۋاسىتە باشقۇرغۇچى مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار باشقا خادىملارغا مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ.

تۈزگۈچى: توختىروزى مەتنۇرى

## يەكەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش - تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى

يەكەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يەكەن ناھىيىسىدىكى ۋەكىللىرى ۋە ناھىيىلىك 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، نۆۋەتتە دېھقانلار ئاممىسى جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان سېلىقنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىش مەسىلىسى ۋە 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان بىر قىسىم نۇقتىلىق تەكلىپلەرنىڭ ئىجراسىنى دەلىللەش مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش يېزا خىزمىتى ۋە شەھەر خىزمىتىدىن ئىبارەت ئىككى تۈر بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىدە دېھقانلار سېلىقىنىڭ يەڭگىللىتىلىش ئەھۋالى، %5 قالدۇرۇق پۇلنىڭ ئۆلچەم بويىچە تۇتۇلۇش ئەھۋالى، سۇ ھەققى، توك ھەققى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات ھەققى، ئۇرۇقلۇق تەمىنلەش ۋە باھا ئەھۋالى، دېھقانچىلىق دورىلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت باھاسى، ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇش ئەھۋالى ۋە ھەر خىل سېلىقلارنىڭ بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

شەھەر خىزمىتىدە شەھەرنىڭ مەركىزىي يولىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ توپلاش، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى، قۇرۇلۇش سۈپىتى، شەھەر يوللىرىنىڭ قاتناش تەرتىپى، مۇھىت تازىلىقى قاتارلىق خىزمەتلەر نۇقتىلىق ھالدا تەكشۈرۈلۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەر نەق مەيداندا تۈزىتىشكە بۇيرۇلدى.

ئابدۇرېشىت ئوسمان،
زىياۋىدىن ھىسامىدىن

## يەكەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەربىيىلىدى

يەكەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە 16 نەپەر كادىرنى ئۈچ چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈپ يېزا - بازارلارغا بېرىپ ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەربىيىلىدى. تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن «ۋەكىللەر قانۇنى» ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» قاتارلىق بىر قانۇن، ئىككى نىزامدىن مەخسۇس لېكسىيە تەييارلاپ بېسىپ تارقىتىپ بەردى، قانۇن، نىزاملاردىن دەرس ئۆتتى.

بۇ قېتىمقى تەربىيىلەش كۇرسىغا ناھىيىمىزدىكى ئىككى دەرىجىلىك خ ق ۋەكىللىرىدىن 1687 كىشى، يېزا، بازارلارنىڭ ۋەكىل بولمىغان مەسئۇللىرى، ئورگان ۋە يېزىغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، كەنت كومىتېتلىرى، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ شۇجىلىرى ۋە مۇدىرلىرىدىن بولۇپ 672 كىشى سىرتتىن قاتناشتۇرۇلۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولىغا بولغان چۈشەنچىسى ئۆستۈرۈلدى.

ئابدۇرېشىت ئوسمان، نۇرمەمەت قۇربان

## پىچان بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستى سۇ باھاسىنىڭ يۇقىرى بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى

پىچان ناھىيىسىنىڭ پىچان بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياستى بازارنىڭ يېزا ئىگىلىك سۈيىنىڭ باھاسىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، سۇ با-

هاسىنىڭ ئۆرلەپ دېھقانلارنىڭ سېلىقى ئېغىرلاپ
كەتكەنلىكىگە قارىتا مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىپ،
ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تەڭشىدى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، بۇ بازاردىكى ئايرىم
كەنتلەردە سۇ باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى قىزىق
نۇقتىغا ئايلىنىپ، قىسمەن جېدەل ـ ماجىرالار كۆ-
رۈلگەندى. بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى بۇ
ئەھۋالغا قارىتا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ،
ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان تۆت تەبىئىي
كەنتتىكى توققۇز يۇرۇشلەشكەن قۇدۇقنىڭ سۇ باش-
قۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئوخشاش قۇدۇقلار-
نىڭ سۇ پۇلىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكى، بەزى قۇ-
دۇقلارغا قارىغۇچىلار بىر سائەتلىك سۇ ئۈچۈن 5 .
12 يۈەن ھەق ئالغانلىقى، بەزى مەھەللىلەرنىڭ باش-
لىقلىرىمۇ بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا قول قوشتۇرۇپ
ئۇنى ماقۇل كۆرگەنلىكىنى بىلىپ تەرتىپكە سېلىش
تەدبىرلىرىنى كۈچەيتتى. بۇ ھەيئەت رىياسەتى ئوخ-
شىمىغان ئورۇن، ئوخشىمىغان قۇدۇقلار ۋە قۇدۇق
بىلەن ئېتىز ئارىلىقىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىنى ئا-
ساس قىلىپ تەكرار سىناق ئېلىپ بېرىش ئارقى-
لىق، ئالتە سۆڭلۈق 28 كىلوۋاتلىق قۇدۇقنىڭ بىر
سائەتلىك سۇ ھەققى ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ 5 . 8
يۈەندىن ئاشمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىپ، جەد-
ۋەللەشتۈرۈپ دېھقانلارغا ئاشكارا ئېلان قىلدى ھەمدە
بەزى كىشىلەرنىڭ سۇ پۇلىنى دېھقانلارغا خالىغانچە
چېچىۋېتىش، قۇدۇقتا قارىغۇچىلارنىڭ دېھقانلارنى
قاقتى ـ سوقتى قىلىشىدەك قىلمىشلىرىنى قاتتىق
چەكلىدى.

## دىغار يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى كەنتلەرنىڭ مالىيىسىنى تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سالدى

پىچان ناھىيىسىنىڭ دىغار يېزىلىق خ ق ھەي-
ئەت رىياسەتى بۇلتۇر يىل ئاخىرىدىن بۇ يىلنىڭ
ئالدىنقى يېرىمىغىچە ئۆزىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى
تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەنتلەرنىڭ مالىيىسىگە
قارىتا بىر قېتىملىق ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ
بېرىپ، سىياسەتكە مۇخالىپ ئىشلارنى تۈزەتتى. بۇ
ھەيئەت رىياسەتى ئاممىنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن يې-
زىدىكى ئالتە كەنت، 27 تەبىئىي كەنتنىڭ مالىيە-
سىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەكشۈرۈش
نەتىجىسىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى. بولۇپمۇ ئامما-
نىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان تۆت كارىز كەنتىنىڭ
مالىيىسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ، مالىيە خادىملە-
رى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ چېچىۋېتىپ ئەسلە-
گە كەلتۈرەلمىگەن 60 مىڭ يۈەن ۋە سەككىز كى-
شىنىڭ ھېساباتىدا كەم چىققان 41 مىڭ 443 يۈەن-
نى ئېنىقلاپ چىقىپ بىر قىسمىنى تۆلىتىۋالدى.
بۇنىڭ ئىچىدە 20 مىڭ 427 يۈەن تۆلەشكە تېگىش-
لىك بولغان تۆت كارىز كەنتى 2 ـ تەبىئىي كەنتنىڭ
باشلىقىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى.

## دىغار يېزىسىدىكى خەلق ۋەكىللىرى نامراتلارنى يۆلەپ، مائارىپنى قوللىدى

پىچان ناھىيىسىنىڭ دىغار يېزىسىدىكى خەلق
ۋەكىللىرى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان باشقا تۈرلۈك
خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە، نامرات-
لارنى يۆلەش، مائارىپقا ياردەم بېرىش جەھەتلەردە
ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

بۇ يېزىدىكى خەلق ۋەكىللىرى نامراتلارنى يۆ-
لەش، مائارىپقا ياردەم بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى
دەپ بىلىپ، نامراتلارغا يېرىم يىلدا جەمئىي 41
مىڭ 150 يۈەن ئىئانە قىلدى. بولۇپمۇ ناھىيىلىك
ۋە يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى سۇلايمان
رىقىپ قىيىنچىلىقى بار پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى،
نامراتلاردىن 12 مىڭ 650 يۈەن قىممىتىدىكى نەق
پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملار بىلەن ھال سورىدى ھەمدە
دىغار يېزىسىدىكى مەكتەپلەرگە 2000 يۈەن نەق
پۇل، ئوقۇغۇچىلارغا 800 دەپتەر ياردەم قىلىپ،
ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەر ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىكىنى بىل-
دۈردى.

## بۇ بەتتىكى خەۋەرلەرنى ئۆمەر نىياز ئەۋەتكەن

(ئاپتور پىچان ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن)



# يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىشلەشتىكى ئاساسىي تەجرىبىمىز

※ تۇرسۇننىياز روزى ※

يېزىمىزنىڭ خ ق ھەيئەت رىياسەتى ناھىيەلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە يېزىلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزىمىزنىڭ سىياسىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە نەتىجە ھاسىل قىلدۇق.

1. «يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامى» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ساپاسى، نازارەتچىلىك سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتەردۇق. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت نىزامى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بىز ئالدى بىلەن ھەيئەت رىياسەتى ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، ھەر ئايدا يېرىم كۈن مۇنتىزىم ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە قويۇلغان ئاساسىي تەلەپ ۋە خىزمەت ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردۇق.

2. قانۇن نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، قانۇن - نىزاملارنىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق. ھۆكۈمەت خىزمىتىگە دائىر چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە نازارەت قىلىشقا ئەھمىيەت بەردۇق. بىز يېقىنقى يىللاردىن بېرى يېزىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، كەنت كوللېكتىپىنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش، يەر باشقۇرۇش قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تەكلىپ بېرىش ئارقىلىق، تېرىلغۇ يەر باشقۇرۇش تۈزۈمى، كەنت كوللېكتىپ مالىيىسىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى بىر قانچە كونكرېت تەدبىر قاتارلىق مۇھىم قارارلارنى تۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ ماقۇللىشى ئارقىلىق يولغا قويۇپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشكە ئاساس تۇرغۇزدۇق.

3. خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدۇق. يېزىمىزدا توك، سىرتقى ئەمگەك باشقۇرۇش مەسىلىسى ئامما ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم مەسىلە ئىدى. بىز يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كۆپ قېتىم تەكلىپ بېرىش ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى پۈتۈنلەي ھەل قىلدۇق. دېھقانلار ئىشلىتىدىغان توكنىڭ باھاسى ئۆتكەن يىل بېشىدىكى 1.80 يۈەندىن يىل ئاخىرىغا كەلگەندە 1.10 يۈەن تۆۋەنلىتىلدى. سىرتقى ئەمگەك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قايتىدىن تۈزۈپ چىقىپ، سىرتقى ئەمگەك ۋەزىپىسىنىڭ بىر قىسىم كىشىلەرگە مەركەزلىشىپ، بىر قىسىم كىشىلەر ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمايدىغان ئەھۋاللارنى تۈزىتىپ، ھەممە كىشى ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئورتاق ئۈستىگە ئالـ

دىغان ھالەتنى قولغا كەلتۈردۇق. دېھقانلارنىڭ سىيلىق مەسىلىسىنى دائىملىق خىزمەت قاتارىدا تۇتۇپ داۋاملىق تەكشۈرۈپ نازارەت قىلدۇق. 1997ـ يىلى يىل بېشىدا تۆت كەنتتە دېھقانلاردىن ئارتۇق يىغىلغان 8660 يۈەن خىراجەتنى ئېنىقلاپ چىقىپ دېھقانلارغا قايتۇردۇق.

4. ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردۇق. ئاممىنىڭ پىكىر ـ تەلەپ، ئەرزلىرىنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىپ، ئۆتكەن بىر يىلدا ئاممىدىن كەلگەن 84 پارچە ئادەتتىكى ئەرزنى بىر تەرەپ قىلدۇق.

5. ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى تىرىشىپ كۈچەيتتۇق. بىز ئالدىنقى ئىككى يىل ئىچىدە يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتتىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتۇق، خىزمەتلەرنىڭ تەرتىپلىك، راۋان، ئۈنۈملۈك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خ ق ھەيئەت رىياسەتتىنىڭ «بەش تۈرلۈك مەسئۇلىيىتى»، «11 تۈرلۈك خىزمەت تۈزۈمى»، «تۆت قوش تۈرلۈك خاتىرە دەپتەر»، «سەككىز تۈرلۈك ۋەكىللەر پائالىيىتى» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان قائىدە ـ تۈزۈم تۈرغۇزۇپ يولغا قويۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇق.

6. پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە ھەقىقىي چىڭ تۇردۇق. يېزىلىق پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى ئەزالار ھەيئەت رىياسەتتىنىڭ خىزمەتلىرىگە باشتىن ئاخىر ياخشى ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتكوم شۇجىسى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئۆزى بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلدى. ھەر قېتىملىق ھەيئەت رىياسەت يىغىنىغا ئۆزى تولۇق قاتنىشىپ پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئۆز ۋاقتىدا بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى. خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاپ راسخوتقا تولۇق كاپالەتلىك قىلدى. خ ق ھەيئەت رىياستى ئىشخانىسىنى ئەسلىدىكى بىر ئېغىزدىن ئىككى ئېغىزغا كۆپەيتىپ، بىر نەپەر ئىشخانا خادىمى سەپلەپ بەردى. يېزىلىق پارتكومنىڭ يىغىنلىرىغا ھەيئەت رىياسەتتىنىڭ رەئىسىنى قاتناشتۇرۇپ، مۇھىم مەسىلىلەردە پىكىر قاتناشتۇرۇش شارائىتىغا ئىگە قىلدى. ھەيئەت رىياسەتمۇ پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ، خىزمەتلەردىكى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە داۋاملىق يېزىلىق پارتكومدىن يوليورۇق ئېلىپ، پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى خەلق قۇرۇلتىيى ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلاندۇردى.

7. ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردۇق. يېزىمىز بويىچە 64 نەپەر يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، 23 نەپەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى سەككىز ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى قىلىپ تەشكىللەپ، بىردىن گۇرۇپپا باشلىقى بېكىتتۇق، ئۇلارنى ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرگە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈردۇق.

(ئاپتور خوتەن ناھىيە توساللا يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتتىنىڭ رەئىسى)






دوختۇرخانىدىكى تىببىي خادىملار

# جۇڭگوچە داۋالاش مەخسۇس دوختۇرخانىسى ئىناۋەتكە، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىدۇ

## ئىلى ئوبلاستلىق سەھىيە كادىرلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىگە قاراشلىق دوختۇرخانا (2)



مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ
لىيۇۋېنسېن جىگەر كېسەللى-
رى مۇتەخەسسىسى



مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ لو
جىڭچىڭ تېرە كېسەللىرى
مۇتەخەسسىسى



مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ
جاڭ سەنيىڭ ئىچكى، بالىلار
كېسەللىرى مۇتەخەسسىسى



مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ
جېڭ باۋشېن دىئابېت، يۈ-
رەك، مېڭە قان تومۇرلىرى
ۋە ئاشقازان - ئۈچەي كېسەل-
لىرى مۇتەخەسسىسى

(بېشى ئۆتكەن ساندا) كانايچە، زۇققا كېسىلى بۆلۈمى كۆپ خىل داڭلىق ئوت - چۆپ دورىلىرىنى ئىمپورت دورىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ پەللىگە ئۇكۇل قىلىش ئارقىلىق، سەزگۈرلۈك ئېشىپ كې-تىش، ئىرسىيەت، ئۆپكە ياللۇغلىنىشتىن بولغان كانايچە ياللۇغى، زۇققا (دەم سىقىش)، ئۆپكە گاز-لىق ئىششىقى، كۆپ يۆتىلىشتەك شىپا تاپمىغان كې-سەللەرنى داۋالاپ ساقايتىدۇ.

بۇ دوختۇرخانىدا بېيجىڭدىن تەكلىپ قىلىنغان دوختۇرلار رېماتىزم كېسەللىرىنى ئېسىل ئوت - چۆپ دورىلىرى بىلەن داۋالايدۇ. چوڭ - كىچىك ئۇگىلەر تىلىپ ئاغرىش، سىرقىراپ ئاغرىشتەك كېسەللەر سىرتتىن چاپلايدىغان دورا بىلەن ئۈچ سا-ئەتتىلا شىپا تاپىدۇ.



بۇ دوختۇرخانىدىكى دوختۇرلار كېسەل كۆرمەكتە.


ئادرېسى: كۈيتۇن شەھىرى ئىلى يولى 19 - قورۇ
(كونا ئوبلاستلىق دوختۇرخانىنىڭ ئورنىدا)

دوختۇرخانا مەسئۇلى: مۇۋاڭ شىيۇي

تېلېفون نومۇرى: 0992 - 3233999

پوچتا نومۇرى: 833200










# شىنجاڭ كۈيتۇن شەھەرلىك سۈنئىي خۇرۇم بۇيۇملىرى زاۋۇتى










زاۋۇت ئادرېسى: كۈيتۇن شەھىرى ئىتتىپاق غەربىي يولى 13 ـ قورۇ

زاۋۇت باشلىقى: جۇ خۇشۇەن

تېلېفون نومۇرى: 0992 ـ 3223391

چاقىرغۇ: 8122125 ـ 126

پوچتا نومۇرى: 833200








كېسىش ئۆيى



قىسمەن مەھسۇلاتلار

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۈتاش نومۇرى CN65 ـ 1166/D پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 34 ـ 58

ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى 01005433

باھاسى 2.40 يۈەن